ئابدۇرەھمجان يۇسۇپ ئۈمىد

# ئۈمىد شەپەقلىرى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئاپتورنىڭ يېقىنقى سۈرىتى

ئابدۇرەھمجان يۈسۈپ ئۈمىد

# ئۈمىد شاملىرى

( ئەدەبىي خاتىرىلەر )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)收据

希望即明灯/阿布都热伊木江·玉素甫著.-喀什:喀什维吾尔文出版社,2003.4

ISBN7-5373-1109-9

Ⅰ.希... Ⅱ.阿... Ⅲ.记实文学-作品集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I25

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第024825号

责任编辑:图尔迪·亚米古尔
责任校对:阿尔祖古丽·斯迪克

希望即明灯
(随笔)
作者:阿布都热伊木江·玉素甫

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
各地新华书店经销
乌鲁木齐隆益达印务有限公司印制
787×1092毫米 1/32开本 6.5印张 1插页
2003年4月第1版 2003年4月第1次印刷

印数:1-3070 定价:11.00元

(如有印装问题,请与我社联系调换 电话:0998-2653927)

# نەشرىياتتىن

ئابدۇرەھىمجان يۇسۇپ ئۇمىد 1974- يىلى 6- ئاي- نىڭ 18- كۈنى مەكىت ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلى- سىدە تۇغۇلغان. 1998- يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنس- تىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان، ھا- زىر ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

ئابدۇرەھىمجان يۇسۇپ ئۇمىد 1993- يىلى «شىن- جاڭ مائارىپى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار توغرىسىدا» نام- لىق ماقالىسى بىلەن يېزىقچىلىق ساھەسىگە قەدەم قوي- غان بولۇپ، ھازىرغىچە «تارىم غۇنچىلىرى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىي- تى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنى- لى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «تۇرپان گېزىتى» قاتار- لىق مەتبۇئاتلاردا 10 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي - نەزەرى- يىۋى ماقالىسى، 30 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر- نەسرى ئېلان قىلىنغان. «جىگدە مۇھەببىتى» ناملىق نەسرى «ئۆلگىلىك ماقالىلەر توپلىمى» ۋە «ماقالە - نەسر يېزىق- چىلىقىدىن ئۆرنەكلەر» دېگەن كىتابلارغا كىرگۈزۈل- گەن. «قارىچۇقۇمدا چاقنىغان دۇنيا»، «ئەئرافتىكى

روھ» ناملىق ئىككى شېئىرلار توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇرغان. ھازىر «ئۈمىد نۇرى» ناملىق ماقالىلەر توپ-لىمى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە .

# مۇندەرىجە


ئۇمىد تىنىقلىرى .......................... 1
ھاياتلىق نىشانى «بىر تال سەرەڭگە» ............. 4
ھەممە كىشى بىرىنچى بولۇشى مۇمكىنمۇ ......... 7
ھەممىمىز ئەۋلىيا .......................... 9
ئۇمىد— مەڭگۈلۈك دىمەكتۇر .................. 11
ئۆتمۈش ئۆزگەرمەس تارىختۇر ................. 13
ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش ...................... 15
دەردلىك كۆڭۈل— شولىلىق چىراغ .............. 19
دۇنيادا سىرلىق نەرسە يوق ................... 23
جاھىللىق— جان ئازابى ...................... 26
رىقابەت ۋە مەڭگۈلۈك ئۆگىنىش ................ 29
ئىستىقبالغا يۈزلىنىش ....................... 35
ئوغۇل بالىمۇ يىغلايدۇ ...................... 43
قۇربىڭ يەتمەيدىغان ئىشقا ئۇرۇنما .............. 52
بىز ئۆزىمىزنى ئالداشقا موھتاج ................. 57
ھايات ئىنتايىن گۈزەل ....................... 63
گۈزەللىك— يېڭىلىقتۇر ...................... 71

مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئادەم .................... 81
سۆيمەك ئاسان، كۆيمەك تەس ................ 84
تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئال ................ 86
ھەممە ئىش ئۆزىمىزگە باغلىق ................ 93
مۇھەببەت مەڭگۈلۈك .................... 101
ئۆزىڭىزگە ياردەم قىلىڭ .................. 126
ھەممە نەرسىدىن ھامان ئايرىلىمىز ............ 134
تاللاش زۆرۈرىيىتىدە .................... 139
ئېرىشىش ۋە يوقىتىش ئارىلىقىدا .............. 145
شارائىت ۋە ئادەم ...................... 148
ھەممىسى بىز ئۈچۈن .................... 153
تەقدىرنى پىلانلاش كېرەك .................. 157
رىقابەت ۋە پۇرسەت .................... 160
ئەڭ زۆرۈر بىلىمگە ئىنتىلىڭ ................ 164
ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە سۆيۈش كېرەك ..... 169
ئىختىيارسىز ياش تۆكۈش .................. 174
«يېشىل چىراغ» ھەققىدە ئويلىغانلىرىم .......... 179
بىزگە ئۇ يەردە نېمە بار .................. 184
بىلىمنى تاللاش ۋە ئىشلىتىش ھەققىدە ........... 192
سىرى يوقنىڭ ھېچنېمىسى يوق ................ 197
تەسىر ئىقتىدارىغا ئىگە بول .................. 200

# ئۈمىد تىنىقلىرى

مەن 10 نەچچە يىل ئىلگىرىلا كۈندىلىك خاتىرە يې-
زىشنى باشلىغان ئىدىم، ھەربىر كۈنۈمنى دېگۈدەك ئۆز
پىكىرلىرىم بىلەن خاتىرىلەپ قوياتتىم. كىچىكىمدىن ھا-
يات ۋە ئالەم توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىناتتىم. قىزىقىشىم-
نى قوزغىغان ئوقۇغۇدەكلا نەرسە بولسا زېرىكمەي- تې-
رىكمەي ئوقۇپ چىقاتتىم. بىلگەن- چۈشەنگەن نەرسى-
لىرىمدىن ھېچقاچان قانائەتلەنگەن ئەمەسمەن. بىلگەن-
لىرىم ھامان يەنە بىر بىلىشنىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولۇپ
تۇراتتى.

ئۈزلۈكسىز پىكىر قىلىش نەتىجىسىدە تەپەككۇرۇم
بارغانسېرى چوڭقۇرلىدى، ئۇنى خاتىرەمگە پۈتۈپ قو-
يۇۋىدىم، تالاي ۋاراقلار توشتى. بەزى دوست- بۇرادەر-
لىرىم خاتىرىلىگەنلىرىمنى ئوقۇپ، كۈندىلىك خاتىرىگە
زادىلا ئوخشاشمىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىشتى. دەرۋەقە،
كۈندىلىك خاتىرە كۈندىلىك ئىشلارنىڭ خاتىرىسى بو-
لۇشى كېرەك ئىدى، راستىنى ئېيتسام، دەسلىپىدە ئۇش-
شاق - چۈشەك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ۋە ھاۋارايى توغ-
رىسىدىلا قەلەم تەۋرەتكەن ئىدىم. نەزەر دائىرەمنىڭ كې-
ڭىيىشىگە ئەگىشىپ، يازغانلىرىم بارا- بارا مېنىڭ دۇنيا

بىلەن توقۇنۇشقان روھىمنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قال-
دى. ئۆيغاقلا بولىدىكەنمەن، مەۋجۇداتلار مېڭەمنى غى-
دىقلايتتى، ھايات ۋە ئالەمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە پىكىر
قىلىشقا مەجبۇر بولاتتىم. نەتىجىدە دولقۇنلار تارقىغان-
دىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان كۆپۈكچىلەرنى
تۇتۇۋالغاندەك، ئۇزاق كېچىلەردە تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىم-
نى خاتىرەم بەتلىرىگە نەقىشلەپ چىقاتتىم. دەستە- دەس-
تە خاتىرىلىرىمنى كۆرگەن دوست بۇرادەرلىرىمنىڭ
تەكلىپى بىلەن، ھاياتقا ئۈمىدۋار نەزەردە بېقىشلىرىم ئې-
رىشتۈرگەن پىكىر- ھاسىلاتلىرىمنى كۆپچىلىككە سۇ-
نۇش ئارقىلىق، روھىيىتىمدىكى يۈكنى ئاز- تولا يېنىك-
لىتىش قارارىغا كەلدىم.

مەكتەپتە ئوقۇش باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايان-
غاچقا، ۋاقىتنىڭ ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتكىنى بىر ياق-
تا قېلىپ، ئېرىشكەنلىرىمىزمۇ يۈزە بولۇپ قالىدۇ، ھايات-
نى ئۆگىنىش ھەربىر ھايات ئىگىسى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك
جەريان بولىسمۇ، ھەرگىز قىيىنغا توختىمايدۇ. ئىنسانى-
يەت ئالىمىدىكى بارلىق بايقاشلار، كەشپىياتلارنىڭ ھەم-
مىسى ئۆز ھاياتىغا ئەۋلىيالارچە مۇئامىلىدە بولغان ئىجتى-
ھات ساھىبلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە
بارلىققا كەلگەن. بىز ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ مەۋ-
جۇتلۇقىنى تونۇپ ئالەمدىن نام- نىشانسىز ئۆتۈپ كې-
تىشنى خالىمايدىغانلار ھامان چىقىدۇ. ئۈزلۈكسىز ئىزدى-

نىشنى قەتئىي توختاتمىغان ئىنسان ئۈچۈن ھاياتتا يەت-
كىلى بولمايدىغان نىشان يوق. ئەتراپىمىزدا ۋە تۇرمۇشىد-
مىزدا يۈز بەرگەن، بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ سەلبىي تەرەپ-
لىرى سەۋەبىدىنلا ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپ قويساق،
ھاياتقا زاھىتلارچە پوزىتسىيە تۇتقان بولىمىز. بىز ھايا-
تىمىزدا يولۇققان ئىشلارغا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە
قىلىپ، ھەربىر تىنىقىمىزغىچە مەسئۇلىيەتچان بولساقلا
«ئېرىشىش» ۋە «يوقىتىش»لارغا ئانچە ئېرەنشىپ كەت-
مەيدىغان بولىمىز. ئۇ ھالدا چەكسىز ئاسماندىكى نۇر-
لۇق يۇلتۇزلار كۆزىمىزگە ھاياتىمىزدەك كۆرۈنىدۇ.
مەن ئۆزۈمگە «ئۈمىد» سۆزىنى تەخەللۇس قىلغىنىمدا
ھاياتلىقىمدىن دېرەك بېرىدىغان تىنىقلىرىمنىڭ باش-
قىلارغا كىچىككىنە بولسىمۇ ئۈمىد بېغىشلىشىنى مەق-
سەت قىلغان ئىدىم. ئەگەر تىنىقلىرىم ئالقىنىڭىزدىكى
كىتاب بەتلىرى ئارقىلىق سىزگە ھېچقانداق نەرسىنى
ھېس قىلدۇرالمىسا، ئەلۋەتتە سېزىملىرىڭىزدىن گۇمانلى-
نىشقا ھەقلىقمەن.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، مەيلى قانداق ھېسسىياتتا بو-
لۇڭ، خاتىرەم بەتلىرىگە يازغانلىرىم ماھىيەتتە سىز ئۈ-
چۈندۇر.

# هاياتلىق نىشانى «بىر تال سەرەڭگە»

«سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق»نىڭ بىر تال سە-
رەڭگىنىڭ ياردىمىدە بەخت- ئاسايىش ۋە مېھىر- مۇھەب-
بەتكە «ئېرىشىپ»، سەبىي قەلبىنىڭ مەڭگۈلۈك ئارام
تاپقانلىقىنى بىلمەيدىغانلار ئاز بولسا كېرەك. دۇنيادا
بۇنداق نادىر تۇرمۇش سۈرەتلىرى ھەقىقەتەن كەمدىن-
كەم ئۇچرايدۇ. بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالىمەن: ئەترا-
پىمىزدىكى قۇرت- قوڭغۇزدىن پەرقسىز ياشاۋاتقان خې-
لى نۇرغۇن ئادەمنىڭ قولىدا «بىر تال سەرەڭگە» بولمى-
غانلىقتىن، ھاياتنى بىچارىلىك ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇش-
قا مەجبۇر بولىدىكەن.

ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ «بىر تال سەرەڭ-
گە»سى بولىدۇ. ئەمما، ئۇنى تۇرمۇش قايىنىمىدا بىلىپ-
بىلمەي يوقىتىپ قويىدۇ. ئەگەر قولىدا «بىر تال سە-
رەڭگە» بولسا، ئۇنىڭ يورۇقىدا تۇرۇپ، كىشىلىك جەم-
ئىيەتتىدىكى ئورنىغا يارىشا، ئۆز- ئۆزىگە تېگىشلىك
بەخت- خۇشاللىق ۋە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولغىلى،
گۈزەل كەلگۈسىگە قاراپ بىمالال ئىلگىرىلىگىلى بولى-
دۇ. قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىدە، چېھرىدىن بەختىيار-
لىق كۈلكىسى ئەكس ئېتىۋاتقان بوۋا ۋە مومىلىرىنىڭ

قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ، ساماۋىي چۆچەكلەرنى ئاڭلاش، ئىسسىق ھۇجرىلاردا مەززىلىك غاز كاۋىپىنىڭ ھىدىدىن ھوزۇرلىنىش... ناھايىتىمۇ ئاز ئادەملەرگە نېسىپ بولۇشى مۇمكىن. مۇبادا ھايات ئۆز يۆنىلىشىنى ۋە ھارارىتىنى يوقىتىپ قويغىنىدا، ئۇنى ياندۇرالىغان كىشىلەرنىڭ تومۇرىدا بۇ دۇنياغا چوڭقۇر مۇھەببەت تۇيغۇسى توختىماي ئاقىدۇ.

شۇنداق، «بىر تال سەرەڭگە» ھاياتلىق ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئامىلدۇر. ئۇنىڭسىز ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەن تەس.

بۇ دۇنيادا ياشاش سالاھىيىتىمىزنىڭ بار-يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر، «بىر تال سەرەڭگە»نى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئاشۇ «بىر تال سەرەڭگە» مەۋجۇتلۇققا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن ئادەم ئىجتىھات قىلسىلا يېتەلەيدىغان مەنزىللەرنى كۆز ئالدىدا چولپاندەك چاقنىتىدۇ، كىشىنىڭ ئۆمۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە باشتىن-ئاخىر نىجاتلىق بەخش ئېتىدۇ. ئەمما، قولىدىكى «سەرەڭگە»نىڭ يورۇقىغا مەپتۇن بولۇۋاتقان ھەربىر كىشى ھايات زېمىستانلىرىنىڭ قاراڭغۇ تاملىرى يېنىدا «سەرەڭگە» سىز غېرىبسىنىپ ياتقانلارغا تەخىرسىزلىك بىلەن ئۆز يورۇقىنى سوۋغا قىلىش ئارقىلىق، ئۈمىدۋارلىق «سەرەڭگە»سى پەيدا قىلىشى زۆرۈر. بۇ، كىشىلىك دۇنياسىدا ياشاۋاتقان ھەربىرىمىز ئا-

دا قىلىشقا تېگىشلىك مۇقەددەس مەجبۇرىيەتتۇر. دەرۋە-
قە، «بىر تال سەرەڭگە» ھاياتقا بولغان ئۈمىدتىن باشقا
نەرسە ئەمەس.



# ھەممە كىشى بىرىنچى بولۇشى مۇمكىنمۇ

«بىرىنچى بولۇشنى كۆزلىمەسلىك» دېگەن گەپ قارىماققا زادىلا قاملاشمىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما، ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل يۈرگۈزسەك، بۇنىڭ ھەقىقەتەن توغرىلىقىنى ھېس قىلالايمىز. مۇكاپات ئېلىش سەھنىسىنىڭ تار بولۇشى، يەنە كېلىپ بىرىنچى بولىدىغان ئادەمنىڭ ئورنىنىڭ تار بولۇشى ناھايىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالدۇر. ئەگەر دۇنيادىكى ھەممىلا ئادەم بىرىنچى بولۇشنى كۆزلىسە، ئارزۇسىغا يېتىپ بىرىنچى بولسا، ئۇنداقتا كىم ئىككىنچى، ئۈچىنچى بولىدۇ؟ ھەممىلا ئادەم بىرىنچى بولۇپ كەتسە، دەرىجە ئۇقۇمى يوقىلىپ، ھاياتلىق ئۆز مەنىسىنى يوقاتامدۇ؟ ياشاشنىڭ نېمە مەززىسى قالىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!... ھەممە ئادەم ئەسلا بىرىنچى بولالمايدۇ. بۇ ھەقتە بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ھەممە ئىشتا ئوتتۇرىچە بول» دەپ تەلىم بەرگەن. بىرىنچىلىكنىڭ شەرتى، سىناقلىرى ناھايىتى كۆپ ھەم بىرىنچىلىككە يېتىشنىڭ يولى ئۇزاق ۋە جاپا-مۇشەققەتلىك بولغاچقا، پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بۇ شەرەپكە نائىل بولالايدۇ.

ھەقىقىي ۋە مۇرۇۋۋەتلىك بولسىلا، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بولۇشمۇ ئوخشاشلا شەرەپلىك. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي، تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆز ساپاسى، سالاھىيىتى مۇقەررەر ھالدا ئۇنى ئوخشاشمىغان دەرىجىلەرگە ئىگە قىلغان. ئېگىز تاغ چوققىسىغا چىقالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭدىن ھالقىشنى خىيال قىلىش ياراشمايدۇ. ئىقتىدارىمىزغا يارىشا تۆھپە قوشۇشىمىز ۋە دەرىجىگە ئېرىشىشىمىز لازىم.



# ھەممىز ئەۋلىيا

شۇنداق، ئىلگىرىكى زامانلاردا ئاجايىپ قۇدرەتكە ئىگە ئەۋلىيالارنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ئاتا- بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلاپ چوڭ بولغانمىز. ھازىرمۇ «پالانى يەردە پوستانى ئەۋلىيا بارمىش» دېگەن گەپلەر ئاندا- ساندا ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ئەمما، ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئەۋلىيانى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ ھەم ئاڭلىغانلىرىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ئەلۋەتتە ئەۋلىيانىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىدىن كېلىپ چىققان قاراشلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەركىم بۇ نامغا ھەۋەس قىلىدۇ. ئەۋلىيالىققا غايىبانە ئاشىق بولىدۇ. دېمەك، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ- دە، بۇنداق ھالەت داۋاملىشىۋېرىدۇ. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ ئالىقانداقتۇر يۈكسەكلىكلەرگە ئىنتىلىشى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئىنسانلارنىڭ پاك ۋە ئۇلۇغۋار قىياپەتتىكى ئۆزىگە سېغىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

شۇنداق، بۇ مۇبالىغە گەپ ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ ئالەمدە ياشاۋاتقان ھەربىرىمىز ئەسلىي بىر ئەۋلىيا. بىز ئۆزىمىز ئۇنتۇغاقلىقىمىز، «ئەۋلىيا»لىقىمىزنى

تەرك ئەتكىنىمىز ئۈچۈن، ئەبەدىي ئۇنىڭغا زارىقىپ ئۆ-تىمىز. ئۆزىمىز تەرك ئېتىلگەندە «ئەۋلىيا»لىققا ھەۋەس قىلىمىز.

ماھىيەتتە، ئەۋلىيالىقنىڭ ئۆلچىمى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. پەقەت چىن ئىنسان شەرىپىگە ئېرىشسەكلا، ئۇ بىزگە مۇجەسسەم بولىدۇ.



# ئۈمىد - مەڭگۈلۈك دېمەكتۇر

كىشىلىك دۇنياسى تولىمۇ مۇرەككەپ بولۇپلا قالماي، يەنە ناھايىتى سىرلىق ۋە قىسمەتلەرگە تولغان. ھەر كۈنى بىزگە نۇرغۇن ئىشلار ئۇچراپ، ئېڭىمىزدا داۋالغۇش پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. بەزى ئىشلار ھەتتا بىزنى ئازابقا سېلىپ، بىئارام قىلىدۇ، پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ. ئاخىر بېرىپ ھاياتتىن ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. روھىيىتىمىزدە قىسما-قىسما كەيپىيات تۇغدۇرىدىغان بۇ ئىشلارنىڭ ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىكلىرى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغاندەك ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ كېتىمىز ۋە راستتىنلا ئۆزىمىزدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئاۋۇتۇۋېتىمىز-دە، ھەممە نەرسە كۆزىمىزگە خۇنۈك ۋە ئازابلىق كۆرۈنىدۇ. بەزىدە خېلى-خېلى چوڭ ئىشلار ھېچبىر تەسىر قىلمىغان كۆڭلىمىز گاھىدا كىچىككىنە ياپراقلارنىڭ شىلدىرلىشى بىلەن لەرزىگە كېلىدۇ. ئەمما، نېمىشقىدۇر رىتىمى ئادەتتىن تاشقىرى تېزلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ھەممىمىز دېگۈدەك تار كوچىغا قىستاپ قويۇۋاتقان كىرىزىس ۋە رىقابەت ئالدىدا ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچ، ئۈمىدلىرىمىزنى يوقاتقان ھالدا ياشاۋاتىمىز. نەتىجىدە زېھنىمىز ئىسراپ بولۇپ، دۇنياغا كۆڭۈلسىز كەيپىياتتا

سوغۇق نەزەر تاشلاشتىن مۇستەسنا بولالمايۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئادەمگە ئەڭ ئەسقاتىدىغىنى ئۈمىدتۇر. ئۆزىمىزگە، كەلگۈسىمىزگە، رېئال دۇنياغا بولغان بۇ ئۈمىد مۇرۇۋۋەتلىك ياشىشىمىزغا ئەبەدىي تۈرتكە بولىدۇ.



# ئۆتمۈش ئۆزگەرمەس تارىختۇر

«ئۆتمۈشنى ئەسلەش كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈندۇر» دېگەن ئىكەن بىر مۇتەپەككۇر. دەرۋەقە، ھەممىمىزنىڭ بۈگۈنى ئۆتمۈشتىن كەلگەن. ئۆتۈپ كەتكەن تارىخ ھەققىدىكى ئويلىنىشلار بىزنى تۈرلۈك- تۈمەن ئويلارغا غەرق قىلىدۇ. بەزىلەر «ئەگەر پۇستانىنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام مۇنداق قىلغان بولاتتىم...» دېگەندەك ئەخمىقانە خىياللاردىمۇ بولىدۇ. ھەربىر دەۋر ئۆزىگە خاس ئادەملەرگە ئىگە. ئەگەر سەن شۇ دەۋرنىڭ ئادىمى بولغاندىمۇ يەنىلا شۇ ئىشنى قىلغان، ئېھتىمال باشقىچىراق بىر شەكىلدە قىلغان بولاتتىڭ. نېمىلا قىلغىنىڭ بىلەن، بەربىر يەنە شۇ دەۋرنىڭ ئادىمىلا بولۇپ قالاتتىڭ، خالاس.

مانا، سەن بۈگۈندە ياشاۋاتىسەن، قېنى «نوچى» بولساڭ مۇشۇ دەۋردە خالىغان بىر جەھەتتە ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ باقامسەن؟ بىلگىنكى، قولۇڭدىن كەتكەن ئۆتمۈش ئەمدى ھەرگىز قايتىلانمايدۇ. يەر شارى ئۆز ئوقىدا ھەم ئوربىتا بويلاپ ئايلانغان بىلەن ئۆتكەن ئىشلار كەينىگە يانمايدۇ، چۈنكى ئۇ بىر ئادەمگە ئوخشاشلا بۈگۈندىن يىراقلاشقان، قەلبىمىزدە پەقەت ئۇ-

نىڭ غۇۋا سىيماسىلا قالغان. بىز ئۆتمۈشنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۆتمۈشنى ئەمەس، بۈگۈنىمىزنى، كەلگۈسىمىزنى ئۆزگەرتىشكە يۈزلىنىشىمىز كېرەك.



# ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش

نېمىلەرنى ئويلىشىمىز ۋە دېيىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، دۇنيا ناھايىتىمۇ چوڭ بىر مۇسابىقە مەيدانىغا ئايلاندى. بۇ كۈرەشكە ئەدناسى روھىي جەھەتتىن بولسىمۇ قاتناشمىغان ئادەم تېپىلمىسا كېرەك. دۇنيادىكى تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي، تارىخىي شەرت - شارائىتلار ۋە باشقا جەھەتتىكى پەرق - چەكلىمىلىكلەر ئادەملەرنى رىقابەت مەيدانىغا ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا سۆرەپ كىرمەكتە.

بىز ئۆز مۇھىتىمىزغا نىسبەتەن ئۆتكۈنچى دەۋردە تۇرۇۋاتقان يېڭى بىر ئەۋلاد بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، زېممىمىزدە ناھايىتى زور مەسئۇلىيەتنىڭ بارلىقىنى سېزىپ تۇرماقتىمىز. ئىلگىرىكىدەك كوللېكتىۋىزملىق شۇئارى ۋە فېئوداللىق پاسسىپ ئاڭ تەسىرىدە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش، ئۆزىنى نامايان قىلىش، ئۆزىنى يارىتىش ئاساسىدا خەلق ئۈمىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەسكە توختايدىغان ئەھۋاللار ئەمدى يوق. دۇنيادىكى بارلىق ئەللەر، جۈملىدىن ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى، ساپاسىغا تايىنىپ ئىسلاھات جەڭگاھىدا ئېلىشىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. ئىلگىرى تېلېۋىزور-

دىن ھەيران قالغانلار ئۇچۇن ئەمدى كومپيۇتېرنىڭ كا-رامىتى ھېچقانچە بىر ئىش ھېسابلانمايدىغان بولدى. چەت ئەل ۋە چەت ئەللىكلەر توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش-تىن ئەيمىنىدىغان ئىش ئەمدى كەلمەسكە كەتتى. ئۇ-چۇر دەۋرىنىڭ ساداسى پۈتۈن يەر شارىنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. دۆلەت كۆچى نوقۇل نوپۇس بىلەنلا ئۆلچەن-مەستىن، يۇقىرى ساپالىق پۇقرالارغا باغلىق بولۇپ قال-دى. كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى دۇنيا ۋە ئۆزى ھەققىدە چوڭقۇر ۋە بىمالال ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۆز تەپەككۇ-رى بېتەلەيدىغان بوشلۇقتا تۇرۇپ دۇنيادىكى ئورنى ۋە كەلگۈسىدىكى تەقدىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدىغان بولدى. بۇ ھۆكۈم شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئۆزىنى قانچىلىك نامايان قىلغانلىقى ۋە رول ئوينىغانلىقىغا باغلىقتۇر.

رىقابەت — جەڭ دېمەكتۇر. جەڭدە مەغلۇپ بو-لۇش، ئەسىرگە چۈشۈش ياكى مەلۇم ھوقۇق، مەنپەئەت-تىن مەھرۇم قېلىشقا ئوخشاش ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرى-دۇ. ئەلۋەتتە، كىشىلەر بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ روھىي بېسىمنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغاندەك سېزىشىدۇ. بۇ گۈنكى رىقابەت دەۋرىنىڭ جىددىيلىكى ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ ھالسىرىتىپ قويىدۇ. ئەمما، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، مەۋجۇت بولغاندىمۇ غا-لىبلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ

تۇرۇشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرگىنىمىزدە، تەخىرسىزلىك بىلەن رىقابەتكە ئاتلىنىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقۇزۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىمىز.

يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىغا ھەيرانلىق بىلەن قەدەم باسقان ياش ئەۋلادلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، دەۋر رىقابىتىدە مۇناسىپ قىممىتىمىزنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇشىمىز ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنداقتا، ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش دېگەن نېمە؟ بۇ ئالدى بىلەن روھىيىتىمىزدىكى رىقابەتكە يات بولغان، ئىقتىدارىمىزنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان پاسسىپ ئامىللاردىن قۇتۇلۇپ، ھەرىكىتىمىزنى رىقابەت دەۋرىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرغان ئاساستا ئۆزىمىزنى ھەرقانداق شارائىتتا دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئوبيېكتىپ ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتۇر.

ۋەھالەنكى، خىلمۇخىل رىقابەت شەكىللىرى ۋە تۈرلۈك - تۈمەن مەدەنىيەت، ئىدىيە ھادىسىلىرى بىزنىڭ ئۆزىمىزنى جەمئىيەتنىڭ ھۆجەيرىسى سۈپىتىدە نامايان قىلىشىمىزغا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈشى تۇرغان گەپ. ئەمما، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەت ھەقدارلىرىغا ئوخشاش، ئۆزىمىزگە ۋەكىل-

لىك قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان ھالدا، بارلىق تاشقى تەسىرلەرنىڭ ئەڭ پايدىلىق جايلىرىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن تەخىرسىزلىك بىلەن خىزمەت قىلدۇرغان ئاساستا، يوشۇرۇن ئىقتىدار ۋە ئارتۇقچىلىقىمىزنى جۇلالاندۇرۇپ، رىقابەتكە قاتنىشىش — ئۆزىمىزنى ئۆزدىمىز قۇتقۇزۇشنىڭ ئەڭ توغرا يولدۇر. رەڭگارەڭ ئېرىشىلمىگەنلەرگە مەستۇمۇستەغرەق بولۇپ، ئەقىل تىزگىنىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇش تۆپەيلى دەۋر رىقابىتىدە ھالاك بولغانلارنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ. قىسقىغىنە ھاياتىمىزدا بارلىق تاشقى تەسىرلەرگە نىسبەتەن ئاكتىپ ۋە سەگەك پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقۇزالىساق، ئەڭ زور بەختكە ئېرىشكىنىمىزدۇر. بۇ ھەممىمىزگە نېسىپ بولسۇن!



# دەردلىك كۆڭۈل ـ شولىلىق چىراغ

ھاياتتىن كۈتىدىغىنىمىز ناھايىتى جىق بولغاچقا، ياشاشقا ئىنتىلىمىز، ئۆزىمىزنى نامايان قىلىشقا قىزىقىدىمىز. كىچە ئاسمىنىدىكى سان- ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ شوخلۇق بىلەن جىمىرلاشلىرى، تولۇن ئاينىڭ رەسىدە بولغان قىزلاردەك ئوماق تەبەسسۇمى، قۇياشنىڭ مېھرىبان ئانىغا ئوخشاش كائىناتقا چەكسىز ھارارەت بېغىشلىشى قەلبىمىزدە بىر خىل قىزىقىش قوزغاپ، ۋۇجۇدىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا چۆكمە بولۇپ ياتقان دەرد- ئازابلىرىمىزنى ئويغىتىدۇ. كىچىككىنە يۇمران بىخ، بىمەھەل سارغايغان بىر تال يوپۇرماق، ھەتتا ھاياتلىق ئۈچۈن تىنىمسىز تىرىكىشۋاتقان جاپاكەش چۈمۈلىچاقمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ.

كىچىك چاغلىرىمدا، بوۋامنىڭ مۇشەققەت دەستىدىن يادەك ئېگىلگەن بېلىنى، يۈزىدىكى ئىمىر- چىمىر قورۇقلارنى، شۇنداقلا ھەمىشە جىددىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇرغان مىسكىن چىرايىنى كۆرۈپ قانداقتۇر بىر يېرىمىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىم. ئەمما، غەمكىن چىرايىدا ئەكس ئېتىدىغان دەرد- ئەلەملەرنىڭ شولىسىنى بايقاش كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپتۇراتتى. ئۇ

ھېچقاچان ئوغۇل- قىزلىرىغا، نەۋرىلىرىگە ھېلىقى شو- لىلارنىڭ سىرى ھەققىدە ئىزاھات بەرگەن ئەمەس. مەن چوڭ بولغانسېرى بۇنى بىلىشكە باشلىدىم. يېشىم ئۇلغايغانسېرى، مېنىڭمۇ غەمسىز چاغلىرىم ئاخىرلىشىپ، ھاياتلىق ۋە ئوزۇق ئاتا قىلغان ئانا تەبىئەتكە ۋە ئۆزۈم- نى قۇتقۇزىدىغان ئۆزۈمگە سىنچىلاپ قارايدىغان بول- دۇم. ئاجايىپ گۈزەل كارتىنىلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئازاب تۇيغۇسىغا غەرق چۆمدۈم. ھايات مېنى تەدرىجىي يېتەكلەپ، ئاستا- ئاستا ئۆزۈمگە يېقىنلاشتۇردى.

شۇنداق، مېنىڭ بارلىق كۆزىتىشلىرىم ۋە ھايات پا- ئالىيەتلىرىمنىڭ مەركىزىدە خۇددى ئاتومنىڭكىدەك بىر قۇدرەتلىك كۈچ، دەرد- ئازاب بار ئىدى. بۇنى ھېس قىلغىلى بولاتتى ۋە بولمايتتى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن كېلىدىغان دەرد- ئازاب ئالدىنقىسىغا تەۋە بولسا، ئىنسان- نىڭ ھەرقانداق شارائىتتا ھايات كەچۈرۈشىدىن قەتئىي- نەزەر، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ، ئوي - ھەرىكىتىگە بىلىندۈرمەي تەسىر كۆر- سىتىدىغان دەرد- ئازاب كېيىنكىسىگە تەئەللۇق ئىدى. بۇ ھەقتە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك، ئادەمنىڭ ھايا- تى خۇشاللىق ۋە دەرد- ئازاب بىلەن زىچ باغلىنىشلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. دەرد- ئازاب، شۈبھىسىز- كى، ئۆلۈم، يوقىلىش مۇقەررەرلىكىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ غايەت زور ھاياتلىق مەنبەسى ئۇ-

نىڭغا باغلانغان.

ھايات ۋاقتىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنى ئىچىدە مۇقەر-رەر ھالدا ھالاك بولىدىغان قىسقىغىنە جەريان بولۇشىغا قارىماي، ئاجايىپ تېرەن مەنىلەرگە ئىگە مەۋجۇتلۇق-تۇر. دەل شۇ سەۋەبتىن، بىز ھاياتىمىزنىڭ مەڭگۈ قان-ماس ئارزۇسى ۋەسۋەسىسىدە روھتىن ھالقىش ئۈچۈن ياشاشقا شۇنچە ئىچكىپ كېتىمىز. رىۋايەتلەردە ئېيتىلى-شىچە، ھەتتا شۇنچە ئۇزاق ياشىغان نوھ ئەلەيھىسسالاممۇ ئەزرائىل جان ئالغىلى كېلىپ: «ئاللا ساڭا ناھايىتى ئۇ-زاق ئۆمۈر ئاتا قىلدى، ئەمدى مەن ئامانەتنى ئالغىلى كەلدىم، ئۆزۈڭنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورىغاندا: «مەن گويا ئۆزۈمنى ئىككى ئىشىكلىك ئۆي-نىڭ ئۇ ئىشىكىدىن كىرىپ، بۇ ئىشىكىدىن چىقىپ كې-تىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن» دېيىش بىلەن، نەچچە يۈز يىللاپ كۆرگەن ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ قىسقىلىقىنى سىمۋوللۇق ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئادەملەر ياشاش ئۈچۈن يارىتىلغان بولغاچقا، شەكسىزكى، ئۆلۈم ئازابى تارتىشتەك پاجىئەنى خالىمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن قۇتۇ-لۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۆز ھاياتىنى ئاجايىپ يۈك-سەك پەللىلەرگە قاراپ يېتەكلەپ بارىدۇ. بۇ جەرياندا ياشىتىش- ئاخىر ھەمراھ بولىدىغان ئاشۇ دەرد- ئازاب شو-لىسى قەلب قەسرىنى چىراغدەك يورۇتۇپ، مەۋجۇتلۇق يوللىرىدا بىمالال ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول

ئوينايدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇ دەرد- ئازاب ئىنسانى-
يەت تارىخىدا كۆمۈلمەي ياشاشقا مۇشەررەپ بولغان يې-
تۈك هايات ئىگىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

دەرۋەقە، هاياتتا «دەردلىك كۆڭۈل — شولىلىق
چىراغ» سىز ئۆتكەن ئۈلگىنى ئۇچرىتىش هەرگىز مۇم-
كىن ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشى قانداق ئۆتۈشى-
دىن قەتئىينەزەر (هەتتا «توققۇزى تەل» ئادەم بولسى-
مۇ)، ئۇ هامان بۇنداق تۇيغۇدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ.
ئەمما، قەلبىدىكى «شولىلىق چىراغ» ئۇنىڭ تەبىئەت،
جەمئىيەت ۋە ئۆزىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى جەريانىدا
شەكىللىنىپ، كىشىلىك هاياتىدا ئىجابىي رول ئوينايـ-
دۇ. بۇ ئەلۋەتتە، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى سېھرىي بايلىقتىن
بەھرىمەن بولۇش ئىقتىدارىغا مۇناسىۋەتلىك.

هايات سەھنىسىدە يېتۈك ئادەملەردىن بولۇپ يېتى-
شىپ چىقىش ئۈچۈن، ۋۇجۇد قەسرىمىزدىكى «شول-
لىق چىراغ»قا ئىنتىلەيلى، ئۇلۇغۋارلىق هەممىمىزگە نې-
سىپ بولسۇن!



# دۇنيادا سىرلىق نەرسە يوق

بەزى كىشىلەر ھە دېسە تالاش-تارتىشقا ئەرزىمەيدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنى سىرلىق تۇستە بايان قىلىشقا ئامراق. تېرىقتەك ئىشلاردىن چوڭ ئىشلارغىچە، قەدىمدىن ھازىرغىچە، ئوبيېكتتىن سۇبيېكتقىچە، ھەتتا ئادەم جىسمانىيىتى ۋە پسىخىكىسىدىكى نازۇك ھالقىلارغا قەدەر ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، ئاللىقانداق سىرلار توغرىسىدا تىنىماي كاپشىيدۇ. بۇنداق خاراكتېر قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەچكە، ئۆزىگە ھېچقانداق غەيرىي تۇيۇلمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، دۇنيادا سىرلىق نەرسە يوق. ئەگەر سىرلىق نەرسە بار دېيىلسە، ئىنسان ئەقلىي كامالىتىنىڭ ئۇنى يېشىش، ئېچىش دەرىجىسىگە تېخى يەتمىگەنلىكىدىن ئىبارەت.

سەن تۇغۇلۇش (يارىتىلىش) ئېھتىياجلىق بولمىغان ئەھۋالدا دۇنياغا كەلدىڭ. دېمەك، ئۆزۈڭنى ھېس قىلغاندىن تارتىپ ئۆزۈڭ ئارزۇ قىلمىغان مەنزىل — يوقلۇققا قەدەم قويىسەن. ھەرنېمە بولۇش ئۆز ئىختىيارىڭدا، قائىدە شۇنداق ئاددىيكى، ھايات بىر ئېتىز، ئۇنىڭغا چاچقان ئۇرۇقۇڭ ھەم قىلغان پەرۋىش-ئەجرىڭگە يار-

شا نەتىجىگە ئېرىشىسەن.

ھەممە نەرسە پەقەت سەن ئۇچۇن تەقلەپ قويۇل-غان (ھەتتا ھاياتمۇ شۇ قاتاردا)، قانداق پايدىلىنىش پۈ-تۈنلەي ئۆز ئىقتىدارىڭغا باغلىق. بىلسەڭ، ھاياتتىن ئىبا-رەت بۇ ئىشىكتىن كىرىپ، ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كەت-كەنچىلىك پۈرسەت ساڭا مەنسۇپ، ئۇنىڭ تىزگىنى پۈ-تۈنلەي ئۆز قولۇڭدا.

ئىنسانلار كۆپىنچە ھاللاردا قىلچە ئەھمىيىتى يوق مەسىلەر ئۈستىدە توختاۋسىز تەھلىل، تەتقىقاتلار ئې-لىپ بارىدۇ، زېھنىنى، ۋاقتىنى ۋە ئىقتىسادىنى ئىسراپ قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئاددىي نەرسىلەردۇر، خالاس.

سەن تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن ئۆزۈڭ ئوتتۇرى-سىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، تەبىئى-تىڭ، ئىقتىدارىڭ، ئىجتىمائىيىتىڭ يار بەرگەن دائىرىدە ھايات بىناسىنى قۇرۇشقا تىرىشساڭ، ساپايىڭنى ئۆس-تۈرسەڭلا كۇپايە. بۇ ماكان- زامان ۋە مەۋجۇتلۇقۇڭغا باغلانغان ھالدا ئاددىي، ئەمما كونكرېت بىر ھاياتنى بار-لىققا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئۆزۈڭنى تونۇش، ئۆزگەرتىش ھېچبىر سىرلىق تەرىپى يوق مەۋجۇدىيەتتىن ئىبارەت. تۇغۇلدۇڭمۇ، ياشىشىڭ، تېخىمۇ ئەۋزەللى ئادەمدەك ياشىشىڭ كېرەك. ھاياتلىق-

نىڭ ئاللىقانداق سىرلىرىغا قارىغۇلارچە ئىشەنمەي، ئاددىيلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىققا يۈزلىنىشمۇ شۇ قەدەر ئاددىي ھەقىقەتتۇر.



# جاھىللىق ــ جان ئازابى

تۇرمۇش تۇرلۈك- تۈمەن مۇرەككەپچىلىكلەرگە
تولغان بولىدۇ. ھاياتلىق يولى ئەگرى- توقاي، ياشاش
ئۈچۈن مۇقەررەركى، مەلۇم نەرسىلەردىن ۋاز كېچىش-
كە، مەلۇم نەرسىلەرنى بولسا جان تىكىپ قوغداشقا توغ-
را كېلىدۇ. ئەمما، قايسىسىدىن ۋاز كېچىپ، قايسىسىنى
مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە كۆزىتىش ۋە تەپەككۇرنىڭ يېتەر-
لىك بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن بەزىدە توغرا بولمىغان
نۇقتىئىنەزەرلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، مەغلۇپ بولۇش ۋە
ئۆزىنى ئازابلاشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. لېكىن،
قىسقىغىنە ھايات مۇساپىسىدە قىلىدىغان ئىشلىرىمىز-
نىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى چىقىش قىلغاندا، ئەڭ ياخشى-
سى، پىسخىكىمىزدىكى جاھىللىقتىن ئۈزۈل- كېسىل ئادا-
جۇدا بولۇش تۇرمۇشتا خۇشاللىق ۋە غەلىبىگە ئېرىشىش-
نىڭ ئالدىنقى شەرتى.

جاھىللىق پەقەت ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشلا
بولماستىن، بەلكى مەلۇم خاتا خاھىش ۋە خاتا يولغا قا-
رىغۇلارچە مەھكەم يېپىشىۋېلىشتۇر. بىر ئادەمنىڭ بىلى-
دىغانلىرى تولىمۇ چەكلىك بولىدۇ. شەيئىلەرنى كۆزى-
تىش، تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىمىزنىڭ قانچىلىك بولۇ-

شىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھامان نىسپىيلىككە ئىگە. ئۇ-نىڭ ئۈستىگە بارلىق شەيئىلەرنى توغرا كۆزىتىپ، ئوب-يېكتىپ باھا بېرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى شەيئىلەر مىنۇت، سېكۇنتلاپ ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقتىن، بىزنى بىردە ئۇنداق تۇيغۇغا كەلتۈرسە، بىردە بۇنداق تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، پايدىلىق مەسلىھەت- نەسى-ھەتلەرگە قارىتا ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىش پوزىتسى-يىسىنى تۇتۇش كېرەك. ئەگەر ئۆز گېپىمىزدە چىڭ تۇ-رۇۋېلىپ، توغرا ياكى خاتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز يولىمىزدا جاھىللىق بىلەن ماڭىدىغان بولساق، مىخ-قا ئۇسسۇۋالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

تۇرمۇشتا قانداقلا بولمىسۇن، مەلۇم مەقسەت، نى-شانغا ئىنتىلىپ ياشاشنى قوغلىشىدىكەنمىز، جەزمەن ئۆز يولىمىزنىڭ توغرىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن باشقا، «ئۆلگە»لىككە ئەرزىيدىغان ئۇسۇل- چارىلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىزغا توغرا كېلى-دۇ. جاھىللىقنى تاشلاش ھەرگىزمۇ ئۆز ئېتىقادى ۋە نىشانىدىن ۋاز كېچىشنى ئەمەس، بەلكى شۇ خىل ئېتى-قاد ۋە نىشانغا ئوخشۇشلۇق يېتىشكە پايدىلىق تاشقى تە-سىرلەرنى قوبۇل قىلىشنى، شۇ ئاساستا بىمالال ئالغا ئىلگىرىلەشنى كۆرسىتىدۇ. جاھىللىق ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق ئادەمگە پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئەكسىچە، زى-يان سالىدۇ. ئىجابىيلىقى كۈچلۈك ئادەملەر ئۆز مەقسە-

تىگە يېتىش يولىدا بىرەر پۈتلىكاشاڭغا ئۇچرىغان ھا-
مان، ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى توسقۇن بولۇۋاتقان
نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ماھىرلىق بىلەن پەللىگە
قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، جاھىللىق جان ئازابىدۇر. كىشى-
لىك ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ۋۇجۇدىمىز-
نى چىرماپ تۇرغان جاھىللىقنى تۈگىتىشىمىز زۆرۈر.



# رىقابەت ۋە مەڭگۈلۈك ئۆگىنىش

«رىقابەت» بۈگۈنكى دۇنيادا ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئىبارە بولۇپلا قالماي، يېڭى ئەسىرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئوبرازلىق سۆزگە ئايلاندى. گەرچە ھاياتلىق ئۆز- ئۆزى ۋە تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشتە تارىختىن بۇيان كۈچلۈك رىقابەت ھالىتىدە تۇرۇۋاتسىمۇ، بۈگۈنكىدەك ئومۇمىي تۈس ئالمىغان ئىدى. ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۇچۇر ۋە بىلىم دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ھاياتلىق خۇددى ئۇۋۇسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈلىلەردەك رىقابەت قوينىدا پىترىاشقا باشلىدى. پۈتۈن دۇنيا يېڭى بىر ئويغىنىش ئىچىدە ياشاش رىقابىتىگە قەدەم قويدى. بۇ «ئويغىنىش» يەر شارىنىڭ چەت- چېتىگىچە ئۆز ئەندىزىسىنى كۆرسەتتى. ئىنسانلار بارا- بارا بىر نۇقتىدا، يەنى ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈن ۋە ئەتىكى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتا ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىش بىلەنلا قالماي، بۇنىڭ مۇھىم شەرتى تەخىرسىز ھالدا رىقابەتكە قاتنىشىش ۋە رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز تاۋلاش زۆرۈرلۈكىنى تونۇدى.

شۇنداق، ئىنسان بالىسى دۇنياغا كۆز ئېچىپلا ئۆزد-

نىڭ رىقابەتكە تۇغۇلغانلىقىنى تەدرىجىي ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. ئەگەر ھاياتلىق ئالىمىدە رىقابەت بولمايدىكەن، تەرەققىيات- يۈكسىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا رىقابەتسىز ئىنسانلار تۇغۇل ھايۋانلارمۇ ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. رىقابەتچىسى، كۈشەندىسى بولمىغان ھايات ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولىدۇ. پەقەت ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش، كۈشەندىسىدىن غالىب كېلىش ئېھتىياجىلا پۈتكۈل جانلىقلارنى يۈكسەكلىككە ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك، رىقابەتكە ئاكتىپ ماسلىشىشلا ئىنساننى بارلىق بەختسىزلىك ۋە پاجىئەلەردىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

ھازىرقى دەۋردىكى ياشاش رىقابىتىنىڭ كەسكىنلىكى بىزدىن بىلىم- تېخنىكا ئۈستۈنلۈكى، ئەقىل- پاراسەت، خاسلىق ئۈستۈنلۈكى، بىر قەدەر يۇقىرى ساپا ۋە ئىقتىدار تەلەپ قىلماقتا. «بۇ ئەسىردە ئىلغار پەن- تېخنىكا ئارقىلىق غەلىبە قىلىش ئەمگەك ئارقىلىق غەلىبە قىلىشنىڭ ئورنىنى، ئەقىل- پاراسەت ئارقىلىق غەلىبە قىلىش ماددىي بايلىق ئارقىلىق غەلىبە قىلىشنىڭ ئورنىنى باسىدۇ» («ساپا مائارىپى دېگەن نېمە؟» 88- بەت).

ھالبۇكى، ھەرقايسى دۆلەت، رايون ۋە ھەرقايسى تەبىقە، گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل رىقابەت ئاشۇ تۈركۈملەرگە تەۋە شەخسلەرنىڭ قاتنىششى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، «غالىبىيەت» بىلەن «مەغلۇبى-

يەت» رىقابەتچىلەر ۋۇجۇدىدا پىشىپ يېتىلگەن ساپا ۋە ئىقتىدارغا باغلىق بولىدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ھەربىر شەخس ئۆزى ۋە ئۆزى تەۋە بولغان ئېتنىك تۈركۈمگە نىسبەتەن ناھايىتى ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلىقتىن، دەۋر تەلىپىگە ماسلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، «ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى دەۋر ۋە ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ تەلىپى بويىچە ئىسلاھ قىلالىغان ئادەم يامان ئاقىۋەتكە قالمايدۇ» (ن. ماكياۋىللى). بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان رىقابەت دۇنياسىنىڭ قەدىمىگە يېتىشىۋېلىش ۋە غەلىبىگە ئېرىشىشتە ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش بەكمۇ زۆرۈر.

نۆۋەتتە مىنۇت - سېكۇنتلاپ يېڭىلىنىۋاتقان بىلىم قۇرۇلمىسى بىزدىن غايەت زور ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى تەلەپ قىلماقتا. دەۋر رىقابىتىگە كېرەكلىك بىلىم ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنى ئىگىلەش بىر ئادەمگە نىسبەتەن يۇقىرى ساپا يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ۋە كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ.

دۇنيادا قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان جەمئىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چېقىلمايدىغان «تاماق قاچىسى» مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەر ھەرقانداق كىشى ئاچ قېلىپ ئۆلۈشكە قىيمايدىكەن، چوقۇم ھارماي - تالماي ئۆگىنىشى، ئۆز بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش ئۈستىدە ئىزدىنىشى، بۇ جەھەتتىكى ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈ-

شى كېرەك. پەقەت ئۆگىنىشلا رىقابەتتە يېڭىشنىڭ ئال-
دىنقى شەرتىدۇر.

ياشاش رىقابىتىدە ئۇتۇپ چىقىش مەسىلىسى زۆرۈ-
رىي ساپا. ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش ۋە ئۈزلۈكسىز ئۆگە-
نىشكە باغلىق بولۇپ، شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىلىش
مەڭگۈ بىر سەۋىيىدە توختاپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستى-
گە، بىزنىڭ بىلىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى يەنە بىر بىلىش-
نىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى
زاماندا ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويۇش ھاياتلىق پۇرسى-
تىنى قولدىن بېرىپ قويغانغا باراۋەر دېسەك ئارتۇق
كەتمەيدۇ.

ھالبۇكى، خۇدىمىزنى بىلمەي بازار ئىگىلىكىنىڭ
يوچۇقلىرىدىن كىرىۋالغان ئېزىتقۇ- تۇمانلاردا ئەقلىمىز-
نى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلار دەرھال ھوشىمىزنى تېپىۋې-
لىپ، ئۆگىنىش ۋە ياشاش رىقابىتىگە قاتناشمىساق، ئۇ-
زاققا بارمايلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنى يوقىتىپ قويۇشى-
مىز تۇرغانلا گەپ.

نۆۋەتتە، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەر ئۆمۈرلۈك(مەڭ-
گۈلۈك) مائارىپ نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرمەكتە. بى-
لىمنىڭ كونىرىشى تېزلىشىۋاتقان، كەسىپ قۇرۇلمىسى-
نىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش تەلىپى
جىددىيلىشىۋاتقان شارائىتتا، بۇ خىل ئەھۋالغا ماس كې-
لىدىغان بىردىنبىر ئۇسۇل مەڭگۈلۈك ئۆگىنىش بو-

لۇپ، ئەگەر ئالدىنقىلار ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئۈمىد- ئار-
زۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ھەقىقىي غالىبلاردىن بولىمىز
دەيدىكەنمىز، ئەلۋەتتە مەڭگۈلۈك ئۆگىنىش ئېڭىنى تۇر-
غۇزۇشىمىز كېرەك.

مەلۇمكى، ياشاش پائالىيىتىمىز ئۆگىنىش ئاساس-
دىكى ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش بىلەن تولغان،
پۈتۈن ئۆمرىمىز تەخىرسىز بىر ئۆگىنىش پۇرسىتىدۇر.
مەيلى قانداق ئورۇندا ئىشلەپ تىرىكچىلىك قىلايلى،
مەيلى ياش ياكى قېرى بولايلى، مەۋجۇدىيەت بىزگە
نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ. ئەگەر تەشەببۇسكار-
لىق بىلەن ئۆگەنمىسەك، يۈكسەك غايىلەر ئۇ ياقتا تۇر-
سۇن، ئەڭ كىچىك غايىلەرنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمايمىز.
پەقەت ئۆگىنىشلا بىزنى خۇشاللىق ۋە بەختكە ئېرىشتۈ-
رەلەيدۇ.

بىر ئادەمگە نىسبەتەن «مەكتەپ پۈتكۈزۈش ئۆگى-
نىشنىڭ ئاياغلاشقانلىقى ئەمەس، بەلكى يېڭى ئۆگىنىش
مۇساپىسىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈن-
كى، ئۆگىنىش ياشاشنى ئۆگىنىشتۇر»، «ئۆگىنىش يې-
ڭى ئىنكاسلارغا ئېرىشىشنىمۇ، شۇنداقلا ئۆگەنگەن ھە-
رىكەت چاستوتىسىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىشنىمۇ
كۆرسىتىدۇ». «ئۆگىنىشكە ماھىر بولغان كىشى بۇگۈن-
نى ئىگىلەپ، كەلگۈسىگە ئىگە بولىدۇ. 21- ئەسىر ئۆگى-
نىشكە ماھىر مىللەتكە، ئۆگىنىشكە ماھىر كىشىلەرگە تە-

ئەللۇق». بۇ تارىخنىڭ يەكۈنى ۋە تەلىپى. كۆز ئالدى-
مىزدا سان - ساناقسىز ئۆلگىلەر تولۇپ يېتىپتۇ. ياشاشقا
ئېھتىياجلىق بارلىق نەرسىلەرنى تەخىرسىزلىك بىلەن
ئۆگىنەيلى. پەقەت ئۆگىنىشلا ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش
ۋە قۇدرەت تاپتۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ھېسابلىنىدۇ.



# ئىستىقبالغا يۈزلىنىش

— ئادەم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسە ئۈنىڭغا يېقىن يەردە، پۈتىنىڭ تۈۋىدە بولىدۇ.

– ھوگتۈن كراملىرى

ھاياتلىق ھالقىسىدىكى ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ياشاش مۇساپىسىنى پاراخوت پايانسىز دېڭىزدا مەلۇم مەنزىلگە قاراپ كېتىۋاتقاندەك چەكسىزلىك ئىچىدىكى بىر نۇقتىغا يۈزلەندۈرىدۇ. بۇنى «ئىستىقبال» ياكى «ئىستىقبالغا يۈزلىنىش» دېيىش مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق ئادەم ھاياتلىق پائالىيىتى جەريانىدا، دۇنيا بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىن ئۆزى مۇۋاپىق، توغرا دەپ قارىغان بىر مەنزىلگە يۈزلىنىدۇ. ئادەم گويا ئىستىقبال ئوكيانىدىكى پاراخوتقا ئوخشىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىستىقبالىنىڭ يورۇق ياكى قاراڭغۇ بولۇشى پاراخوتنىڭ ياسىلىشى، ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار ۋە مېخانىزملارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى، تاشقى شەرت - شارائىتلار، ئەڭ مۇھىمى «ئىدىيە»نىڭ رولى قاتارلىقلارغا باغلىقتۇر. ھاياتلىق ئوكيانى، دېڭىزلار، ئاراللار ۋە پورتلار، پايانسىز سۇ، مۇشەققەتلىك مۇساپىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر ۋە تاسادىپىي باغلىنىشلار سانسىزلى-

غان ھايات پاراخوتلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا بىۋاسىتە تە-سىر كۆرسىتىدۇ. بۇ چىگىش مەۋجۇدىيەت ئالىمىدە پورتتىن چىقمايلا چىرىپ كېتىۋاتقان، مۇساپىسىدە توغرا يول (ئىستىقبال مەنزىلى)گە يۈزلىنەلمەي، تۇر-مۇش دولقۇنلىرىدا بىھۇدە ئۈزۈۋاتقان، يوشۇرۇن خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ياكى بوران زەربىسىگە ئۇچراپ غەرق بولۇۋاتقان «پاراخوت»لار مۇ بار. ھەممىمىز ھامان مۇشۇ «دېگىز»دا ياشايمىز، ئەمما ئۇنىڭ قانچىلىك چوڭ-قۇر ۋە كەڭلىكىنى ئۇقمايمىز. پەقەت بۇ سىرلىق دۇنيا-نىڭ مەلۇم جايىدا چوقۇم يېتىدىغان ئاخىرقى مەنزىل (ئىستىقبال)نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز.

كىشىلىك دۇنياسىدا، ئالەمنىڭ مۇقەددەس مۇزېيى-خانىسىدا «ئاۋرۇرا»دەك زەپەر پاراخوتى بولۇپ، مەڭگۈ-لۈك ئىستىقبالغا ئېرىشىش ئىستىكىدە يانغۇچىلار ھامان ئۆز ھاياتىنىڭ ھەربىر دەقىقىسىدە قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بىر نۇرلۇق ھۆجەيرىنى كۆرىدۇ. بۇ ھۆجەيرە ئادەم ئورگانىزمىدا مەركەزگە ئىنتىلگۈچى كۈچنى پەيدا قىلىدۇ. دېيىلىۋاتقان «مەركەز» ئاشۇ «نۇر»نىڭ قار-شىسىدا ئالتۇن مۇناردەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەربىر فىزىئولوگىيىلىك تەندە شەكىللىنىپ تۇرىدى-غان مۇقەررەر نىسپىيلىك بولۇپ، ئىنسان ھاياتلىق دې-ڭىزىدا يېگانە ئارالدىكى روبىنزون كىروزودەك ئۆز قارى-شىسىدىكى دۇنياغا قاراپ ئىنتىلىشتىكى ئىنسانىي مۇھەب-

بەتنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ خىل مۇھەببەت بىزنى دەل بۇ-
گۈندىن ئىبارەت تار، بۇرۇقتۇرما ۋە كىسەللىك قاپلىد-
غان يېگانە ئارالدىن ھاياتلىق جەننىتى قۇچاق ئاچقان
راھەتبەخش ماكانغا ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە ئىنسان ئۆ-
زىدىن ھالقىپ نۇرانە پەللىلەرگە يېتىدۇ.

كىشىلىك دۇنياسى شۇ قەدەر مۇرەككەپ، زىددى-
يەتلىك ھەم رەڭگارەڭكى، ئىنسانلار ھاياتلىق سەپىرى-
نى توختاۋسىز داۋام قىلىش جەريانىدا ئۇنتۇش، ئاينىش
(ئاينىتىلىش)، بويۇنتاۋلىق، تىز پۈكۈش، ئۈمىدسىز-
لىك... قاتارلىق ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرى تۈپەيلى ئاجا-
يىپ قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. بۇ قىسمەتلەر ئىچىدە
ئوخشاش بولمىغان ئىستىقبالغا يۈزلىنىدىغان ئەھۋالمۇ
بار. دەرۋەقە، كىشىلەرنىڭ پسىخىك تىندۇرمىسى(ئىدد-
يىۋى ھاسىلاتى) ھاياتلىق پائالىيىتىدە ئوخشاشمىغان نە-
تىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئىستىقبال — ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى مەڭگۈلۈك
تېما. بىز مەلۇم بىر خىل ئۈمىد، ئېتىقاد، ئىرادە، كۈ-
رەش ۋە مەغلۇبىيەت ئارىلاشمىسى ئىچىدىن بۇ بىباھا
گۆھەرنى ئىزدەۋاتقىنىمىزدا، ئۇنىڭ ھامان ئۆز يېنىمىز-
دا، پۈتىمىزنىڭ ئۇچىدىلا يۇلتۇزدەك جۇلالىنىپ تۇرغان-
لىقىنى بايقايمىز. بىزنىڭ ئىستىقبال يولىمىزدىن كۆرە،
ئۇنى ھەقىقي تونۇشىمىزنىڭ يولى ئۇزۇن بولىدۇ.
چۈنكى، ئۇنى تاپالىغۇچىلار بۇنىڭ بىلەن بولدى قىل-

مايدۇ. ئىستىقبالدا قىممەتلىك «مارجان»لار ھەقىقىي ھا-
يات يېپىغا ئۆزلۈكسىز ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك. بۇ مار-
جانلار ھەربىر پاراخوتنىڭ موما ياغىچىدىكى رەڭگارەڭ
بايراقتەك لەپىلدەپ تۇرىدۇ. ھايات مۇشۇ مەنىدىن ئېيت-
قاندا، ئۆزىنى قەدىرلىگۈچىلەر ئۈچۈن مۇشەققەتلىك،
ئەمما مەڭگۈ شەرەپلىك ئىزدىنىشتۇر.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي، «قىممەت-
لىك پاراخوت»نى چوڭقۇر سۇغا غەرق قىلىۋەتكەن
ئىككى ساۋاقدىشىمنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى، بۇ گۈن-
كى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا قايمۇقۇپ، چۈشكۈنلى-
شىپ، ئېزىقىپ يۈرۈشكەنلەرنىڭ ئەھۋالى مېنى مۇشۇ
نۇقتىدا ئىزدىنىشكە زورلىماقتا. ئۆگىنىش، تۇرمۇش،
ئەمگەك ۋە باشقا تۈرلۈك ئىشلاردا ئىنسانلار ھامان مەلۇم
بىر خىل تاللاشنى تەن ئالسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي
ۋە بىردىنبىر تاللاش ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن گۇمانىي پو-
زىتسىيىدە بولۇپ كەتمەيدۇ، نەتىجىدە پارلاق ئىستىقبال-
غا يۈزلىنەلمەيلا قالماستىن، بەر شارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى
ئادەمدەك ھاياتلىق مۇساپىسىدە زەررىچە ئۈمىد نۇرىغا
ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىنسان ھاياتلىق دېڭىزىنىڭ بىر تامچىسىدۇر. تام-
چە سۇ پەقەت پايانسىز دېڭىزدىلا ئىستىقبالغا ئېرىشەلەي-
دۇ. بېلىق سۇدىن ئايرىلسا ياشىيالمىغىنىدەك، ئىنسانمۇ
ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ چەكلىمىسى ئىچىدە ئۆز ئىستىقبا-

لىنى تونۇشى ۋە ئىزدەپ تېپىشى كېرەك.

ئەلۋەتتە، ئادەم ئۆز ئەتراپىدىكى قوۋم- قېرىنداشلىرى بىلەن كوللېكتىپ ئىچىدە ياشايدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ غەلىبە قازىنىشى پاكى مەغلۇپ بولۇشى ئۆزى تەۋە توپنىڭ غالىبىيەت ـ مەغلۇبىيىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. تەبىئەت ئۇنى جەمئىيەت بىلەن، ئاشۇ ئادەملەر بىلەن چەمبەرچاس باغلىغانلىقتىن، ھېس- تۇيغۇسى، ئىدراكى ۋە غايە- ئىستىقبالى ئۆزى تەۋە توپ ۋە زامان بىلەن تەقدىرداش بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئىنسان ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ھالقىغان ھەرقانداق ئىستىقبالغا يۈزلىنىش خىيالىدا بولىدىكەن، مەغلۇبىيەتلا كۈتىدۇ، خالاس.

يېقىندا كۆرسىتىلگەن بىر تېلېۋىزىيە فىلمىنىڭ قىستۇرما ناخشىسىدا مۇنداق ئىككى مىسرا بار ئىكەن: «ئەڭ پارلاق ئىستىقبال نەدە؟ چۈشۈڭدە قايتقان يۇرتۇڭدا». بۇ، چەت ئەلگە چىقىپ تۇرمۇش يولى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ۋەتىنىنى سېغىنىپ ئېيتقان ناخشىسى بولسىمۇ، ئۆزىنى مەلۇم بىر ۋەتەنگە تەئەللۇق دەپ قارىغۇچىلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئىستىقبال تۇيغۇسىدۇر.

ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇ يۈزلەنگەن ئىستىقبالنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمما، شۇنى ئېيتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا كىشىلەر ئاقىلانىلىك بىلەن تونۇپ يېتەلەيدىغان ئىستىقبال-

نىڭ تېمىسى ھامان ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ما- كان ۋە شۇ ماكاندا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى، ئۇمىدى بىلەن زىچ باغلانغان.

بىر ئادەمنىڭ ئىستىقبالى قىسقىغىنە ھايات مۇساپى- سىنىڭ ھەربىر قەدىمىنى ئاللىقانداق گۈزەل تۇيغۇلار، ئالىيجاناب ھېسسىيات ۋە قۇرۇق خىياللار بىلەن ئە- مەس، كۈرەش قاينىمىدا نەتىجىلىك بېسىش ئارقىلىق نۇر چاقنىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئور- نى، شۇغۇللىنىدىغان كەسپى ئوخشاشمايدۇ. بۇ خۇددى دەريالار كىچىك - كىچىك ئېقىن - تاراملاردىن شەكىل- لىنىپ ئاخىرىدا دېڭىزغا قۇيۇلغاندەك ئىش بولۇپ، شەخسنىڭ ئىستىقبالى مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ، ۋەتەننىڭ تەقدىرى، ئۇمىد- مەنپەئىتى بىلەن زىچ باغلانغاندىلا، ئۆز ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ.

قايسىبىر كىتابتا ئامېرىكىلىق شائىر ۋېتمانىنىڭ: «مېنىڭچە، بىر تال يوپۇرماقنىڭ تۆھپىسى يۇلتۇزلار- نىڭ ئايلىنىشىدىن قېلىشمايدۇ»، شۇنداقلا ساكىيامونى- نىڭ: «ئالەمدە پەقەت مەن بىرلا» دېگەن سۆزلىرى نە- قىل كەلتۈرۈلگەن ئىكەن. ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنى ئادە- مىي مەجبۇرىيەتتە تونۇساقلا، بۇنداق يېتۈك ۋە ئەقىل- لىي قائىدىنى ئېتىراپ قىلىپ، پارلاق ئىستىقبالغا يۈزلىنەلەيمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەربىر ئادەم ئۆز ئىستىقبالى نۇقتىسىدىن بىر مۇستەقىل تەر-

كىب سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ، يەككە ھالدا بىر دە-
رەختىكى سانسىز يوپۇرماقتەك ئاشۇ دەرەخنىڭ مەۋجۇت-
لۇقى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىدۇ. بىر مىللەت تەر-
كىبىدىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ رولى ۋە تەقدىرىمۇ شۇنىڭ-
غا ئوخشىشىدۇ. ئەمما، كىشىلەر كۆپىنچە ئۆزىنى ئۇن-
تۇپ قالىدۇ- دە، ئىستىقبالنىڭ توغرا، ئىشەنچلىك ھەقى-
قەت سۈپىتىدە كۆز ئالدىدا چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرەل-
مەيدۇ. بەزىلەر ئۆز ئىستىقبالىنى ئاللىكىملەرنىڭ شاپائى-
تىگە باغلاپ قويىدۇ. ھەر كىمنىڭ ئىستىقبالىغا قارىتا
چۈشەنچىسى ئوخشاشمىغان ئىكەن، ئەلۋەتتە، ئىستىقبال-
غا يۈزلىنىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ئىستىقبال مەنە جەھەتتىن ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ئانا
تۇپراقتا، سۆيۈملۈك خەلق ئىچىدە، ئورۇن جەھەتتىن
ئەل- مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلانغان قايناق كۈ-
رەش ئىچىدە؛ مەنىۋى نۇقتىدىن، ھەربىر ئادەمنىڭ رو-
ھىيەت مەۋجۇتلۇقىدا قارار تاپىدۇ. ئۇ ۋاقىت جەھەت-
تىن ئېيتقاندا، تامامەن بۈگۈنگە مەنسۇپ!

ئالدىمىزدا شۇنچىلىك كۆپ تاغ- داۋانلار، تۇزاق-
قاپقانلار، لاي- لاتقىلار ۋە ئۆزىنىڭ مۇرەككەپلىكى بى-
لەن گۆڭگىلىشىۋاتقان دۇنيا تۇرۇپتۇ. ئەمما، بىزدە جا-
سارەت، ئىرادە بولىدىكەن، ئۇ ھېچقاچان كۆز ئالدىمىز-
نى خىرەلەشتۈرەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئەھۋالدا، ئىستىقبال-
نىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمەيمىز.

يېڭى ئەسىرنىڭ گۈدۈك ساداسى بىزنى جاھالەت-لىك ئوتتۇرا ئەسىرگە مەنسۇپ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، ئىستىقبال قۇياشىنىڭ پارلاق جامالىنى كۆر-سىتىپ بەردى. كەسكىن رىقابەت ۋە رەھىمسىز شاللاش تەھدىتى ئالدىدا يۈكىمىز كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشماق-تا. ئىستىقبال تېگى بىزنى چاقىرماقتا. كەلگۈسىنى يارد-تىدىغانلار دەل بۈگۈنكىلەردۇر. كەلگۈسى جاھان تېخى-مۇ گۈزەل ۋە پارلاق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مەدەنىيەتسىز-لىك، بىلىمسىزلىكنىڭ بارخانلىرىدا كۆمۈلۈپ يېتىۋەر-سەك بولمايدۇ.

يېڭى كۈرەش مۇساپىسى شۇ قەدەر مۇشەققەتلىك، شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ بولۇپ، مەۋجۇتلۇقىمىزغا چەمبەر-چاس باغلانغان هالدا نىشانىمىزنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرمەكتە. گۈزەل ئىستىقبال بۈگۈننىڭ ھەربىر دەقىقە-سىدىكى شانلىق كۈرەش ئىچىدە ئىكەنلىكى ئېسىمىزدە بولسۇن!



# ئوغۇل بالىمۇ يىغلايدۇ

كارىۋاتلىق ئاپتوبۇس قوزغىلىپ تېخى بەش مىنۇت ئۆتمىگەن ئىدى، باياتىن ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقان يېنىمدىكى يىگىت بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ياشانغان بىرنەچچە ئەر-ئايال: «ئوغۇل بالا دېگەنمۇ يىغلامدۇ؟...» دېگەندەك ئەيىبلەش سۆزلىرىنى ياغدۇردى. تۇشمۇتۇشتىن كېلىۋاتقان بۇ ئەيىبلەشلەر يىگىتنىڭ پىسەنتىگە كىرىپ قويمايتتى. ئۇلارنىڭ گەپلىرى غەزىپىمنى شۇنداق ئۆرلەتكەن بولسىمۇ، ئاچچىقىمنى بېسىۋېلىپ ئېيتتىم: «كىم ئوغۇل بالىنى يىغلىمايدۇ دەيدۇ؟ ئەسلىدە ھەقىقىي يىغا دېگەننى ئوغۇل بالا يىغلايدۇ، سىلەرنىڭ نېمە كارىڭلار بار؟ ئۇ يىغلىۋالسۇن، بۇ ھەر ھالدا سىلەردەك ئىچىدە يىغلاپ بۇرۇقتۇرما بولۇپ ياشىغاندىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى...» دېدىمدە، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ياتتىم. ئۇزاق ئۆتمەيلا يىگىتمۇ يىغىدىن توختاپ، چوڭقۇر خىياللارغا پاتقىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى. كاللامغا كىشىلەرنىڭ بايىقى «ئوغۇل بالىمۇ يىغلامدۇ؟» دېگەن ئەيىبلەشلىرى ۋە «بۇ يىگىت مۇشۇنچىۋالا يىغلىغۇدەك نېمە دەرد- ئەلەملەرگە دۇچار بولغان بولغىيدى؟» دېگەندەك سوئاللار كىرىۋېلىپ زا-

دىلا ئارام بەرمىدى. بىر چاغدا كۆزۈم تويۇقسىز ئۇنىڭ ساڭگىلاپ قالغان بىلىكىدىكى قان داغلىرىغا چۈشتى، ئويلىشىمچە ئۇ يىغلاپ چىقىرالمىغان دەردىنى سول بىلە-كىگە پىچاق تىقىش بىلەن ئالغانىدەك تۇراتتى. چىراغ يو-رۇقىدا سىنچىلاپ قولىغا «ئۈمىد» دېگەن خەت چېكىل-گەنلىكىنى كۆرۈپ، بىرنەرسىنى چۈشەندىمىيۇ، جەزم قىلالمىدىم، سوراشقا ئەپسىز ئىدى. سەپەردىكى تەنها-لىق ئازابلىرى ۋە ۋاقىتنىڭ ئېغىر قەدەملىرى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ناتونۇشلۇق پەردىسىنى قايرىۋەتسە كې-رەك، بىر كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئىككىمىز تەد-رىجىي يېقىنلىشىپ تونۇشلاردىن بولۇپ قالدۇق.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپنى پۈت-كۈزۈش ئالدىدا تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ سۆيگەن قىزى مەركىزىي شەھەردە خىزمەت قىلىدىكەن. ئەسلىدە بۇلار مەكتەپداشلىق مۇساپىسىدە مۇھەببەتلەشكەنلەر بولۇپ، ئوقۇشتىكى يىل چەكلىمىسى ھىجران چۆلىگە تاشلاپتۇ. ئۇلار شېرىن ۋىسال پەيزىنى سۈرگەندىمۇ، ئايرىلىش ئېغىر كېلىپ قاپاق تۈرگەندىمۇ بىر-بىرىگە بولغان ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، مەنىۋى، ماددىي جە-ھەتلەردە ئۆزئارا ياردەم قىلىشىپ ئۆتكەن ھەم بىر-بىرد-مىزسىز ياشىيالمايمىز دەپ ئەھدە تۈزۈشكەن ئىكەن. ئايرىلىش ئازابلىرى ئاخىرلىشىدىغان ۋاقىت قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدەك قالغاندا، يىگىت يىراقتىكى

سۆيگىنىنىڭ تېلېفوندا ئۆزىگە ئايرىلىش تەلىپىنى قويۇ-
غانلىقىنى ھېچبىر چۈشىنەلمەي، بۇ قېتىم قىزنىڭ يېنى-
غا بارغان ئىكەن. ئەسلىدە قىز ئىدىيە، ھەرىكەت جەھەت-
تە قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ، بىراق ئۆز سۆيگىنىگە يۈز كې-
لەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئايرىلىپ كېتىش قارارىغا كەل-
گەن ئىكەن.

مەنزىلگە يەتكۈچە، يىگىتكە ياخشى ھەمراھ ۋە
دوست بولۇپ، شۇنداق دېدىم: «ئەگەر ئۆزىڭىزنى ھە-
قىقىي ئوغۇل بالا ھېسابلىسىڭىز، سۆيگىنىڭىزنى ئەپۇ قى-
لىڭ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى، ياق يۈرىكىدىكى ياشلىرى-
نى ئېرتىپ، قەلبىگە خۇشاللىق گۈللىرىنى تېرىڭ.
مەردلىك ۋە بېغىشلاش ئارقىلىقمۇ ئوخشاشلا مۇھەببەت
ھەم شادلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ!»

ئۇيان ئويلاپمۇ، بۇيان ئويلاپمۇ يىگىتنىڭ يىغلىشى-
نى ھەقلىق ھېسابلىدىم. ئۆمۈرلۈك بەختىگە، ئەركەك-
لىك غۇرۇرىغا نۇقسان يەتسە قايسى ئوغۇل بالا يىغلىما-
سۇن؟! ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن ياكى سىز بولۇپ قال-
غان تەقدىردىمۇ ئەلۋەتتە يىغلايتتۇق. دۇنيادا ئادەمنى
يىغلىتىدىغان ئىشلار دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ.
ھايات كۆز ياش ئىچىدە سىنىلىدۇ. ھالبۇكى، يىغىنى
قىزلارغىلا تەئەللۇق قىلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس. قەلبى
ئارزۇ- ئۈمىدكە، ھاياتقا بولغان مۇھەببەتكە تولغان ۋىج-
دان- غۇرۇرلۇق كىشىلەر يىغلاشتىن مۇستەسنا بولالماي-

دۇ. «مەن- مەن» دېگەن خېلى - خېلى ئوغۇل باللارمۇ مۆرىتى كەلگەندە يىغلايدۇ. ھېچكىم ياش تۆكمەيمەن دېيەلمەيدۇ. بىز پەقەت ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمىزنىلا بىلىمىزكى، كەلگۈسىدە قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بو- لۇشىمىزنى، نېمىلەرگە ئېرىشىپ، نېمىلەرنى يوقىتىپ قويۇشىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. كۆپىنچە ئىشلار تاسادىپىي يۈز بېرىدۇ. كۈتۈلمىگەن ئىشلارغا يولۇققاندا- دا، ھەيران قېلىپ ھوشىمىزنى يوقاتساقمۇ، پەرياد چې- كىپ ئۆزىمىزنى بىرنېمە قىلىۋالساقمۇ بەرىبىر، كونىلار- نىڭ «قازاغا رىزا» دېگىنى دەل مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا قارىتىلغان بولسا كېرەك.

ئوغۇل باللار ئارزۇ- تەلەپنىڭ، ئۈمىدنىڭ مەھسۇ- لى بولغاچقا، تۇرمۇشنىڭ يۈكىنى كۆپرەك كۆتۈرىد- غانلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئايالىغا، ئائىلىسىگە، ھەتتا، مۇئەييەن بىر گۇرۇھقا نىسبەتەن ھەر تەرەپلىمە مەسئۇ- لىيەتنى زىممىسىگە ئالغان دەۋر چاقىنى ئالغا ئىلگىرىلەت- كۈچىلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. جەمئى- يەتتىكى ماددىي بايلىقلارنى يارىتىش ئومۇمەن ئەرلەر- نىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن. ئېھتىمال، كىشىلەر ھېلىقى مەنتەقىنى مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆزلىرىنىڭ ئادەت قارىشىغا ئايلاندۇرۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئوغۇل بالا يىغلىسا قىز بالىغا ئۆزگىرىپ قالىدىغاندەك

تۈيۈلىدۇ. ئۇلارچە، بۇ رەھىمسىز رېئاللىق، مەغلۇبىيەت ئالدىدا تىز پۈككەنلىك بولۇپ، ئەرلەر مۇقەددەس ۋەزى-پىنى زىممىسىگە ئالغاچقا، ئۆز ئىرادىسىنى يوقىتىپ قويۇ-ماسلىقى، رېئاللىققا تەن بەرمەسلىكى، ئىچىنىشلىق تەق-دىر بىلەن ئاخىرىغىچە ئېلىشىشى كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، ئەرلەر ھەرقانداق ئىشتا جاپانىڭ ئالدى-دىكىلەر ھېسابلىنىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە تەقدىر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشقا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، بۇ-نىڭغا ئېسىلىۋېلىپ ئەرلەرنىڭ يىغلىشىنى «بىمەنىلىك» دەپ قارىماستىن، بەلكى ئىنسان تەبىئىتى نۇقتىئىنەزە-رى بويىچە مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئادەمدە مۇئەييەن ئاڭ بولغانلىقتىن تۈرلۈك زىددىيەتلەرگە، شەيئىلەر بى-لەن بولغان توقۇنۇشقا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ئويلىمى-غان يەردىن ئۆز ئىشەنچ-ئەقىدىسى، ئېتىقاد تۈۋرۈكى، ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ۋە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن تۇ-يۇقسىز ئايرىلىشتەك پاجىئەلەرگە دۇچار بولسا، ئاياللارلا ئەمەس، مەن-مەن دېگەن ئەركەكمۇ ياش تۆكمەي قال-مايدۇ. لياڭ چىچياۋ ئېيتقاندەك: «دۇنيادا كۆز يېشىدىن-مۇ مۇقەددەس نەرسە يوق، ياش ئويغاق يۈرەكتىن تام-چىلايدۇ.» قەلبى ئىنسانىي ھېس-تۇيغۇلارغا باي كىشى-لەرنىڭ يىغلىيالايدىغان يۈرىكى بولىدۇ. بۇنداق يۈرەك ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ياش تۆكۈش بىلەنلا كۇپايى-

لەنمەي، ۋۇجۇدىدىكى يۈكسەك غايە ۋە ئىرادىنىڭ كۈ-
چى بىلەن مېھنەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنى سۇرتۇۋېتەلەي-
دۇ. ئادەم يىغلىيالىسا ئاندىن كۈلەلەيدۇ. ھەقىقىي يىغا
ۋە كۈلكە ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، قەلبىد-
دە يىغا تۇيغۇسى بولمىغانلار باشقىلارنى يىغلىتىش بەدد-
لىگە كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ. ئادەمنىڭ تۇرمۇشقا، ھا-
ياتقا قارىتا سەممىي مۇھەببىتى، ياشاشقا بولغان قىز-
غىن ئىنتىلىشى، ئېتىقاد ۋە ئىشەنچلىرى ئاسان شەكىل-
لەنمەيدۇ. كۆپ بەدەل تۆلىگەن ۋە بارلىقىنى ئاتىغان
مۇشۇنداق مەۋجۇتلۇق تۇۋرۇكلىرى بىردىنلا كۆمۈلۈپ كې-
كۆم بولسا، كىممۇ يىغلىماي تۇرالىسۇن؟!

ئادەمنىڭ كۆزىدىن ھە دېگەندىلا ياش ئېقىۋەرمەي-
دۇ، يىغا قىستاپ كەلگەندە ئۇنى كەينىگە سۇرگىلى-
بولمايدۇ. ھايات يۈكىنى يەلكىسىگە كۆپرەك ئالغۇچىلار-
نىڭ يىغىسىنىڭ ۋەزنىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ئەر بىلەن تەڭ
يەرمۇ يىغلايدۇ. ھاياتلىق رىقابىتىدىكى مەغلۇبىيەت ۋە
توقۇنۇشلار پۈتۈنلەي ئىنكار تۇسىنى ئالماستىن، ئادەم-
گە يىغلاپ ئېچىنى بوشىتىۋېلىش پۇرسىتىنىمۇ بېرىدۇ.

شۇنداق، يىغىنىڭ ئۆزىمۇ بىر پۇرسەت، ئىچ-ئىد-
چىڭىزدىن يىغا قىستىغاندا ھەرگىز ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەت-
مەي ئۆكسۈپ يىغلىۋېلىڭ. ياش دەرد-ئەلەم داغلىرىنى
يۇيۇپ يېڭى ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ.

سۆيگىنىڭىزدىن، ھوقۇق - مەرتىۋىڭىزدىن، مال-

دۇنيالىرىڭىزدىن ، ھەتتا پۇت- قولىڭىزدىن، ئاتا- ئانى-
ڭىزدىن، يۇرت- ۋەتىنىڭىزدىن، بۈيۈك ئۈلگىلەردىن...
ئايرىلىپ قېلىش، كۈتۈلمىگەن كېلىشمەسلىكلەرگە
ئۇچراش، بىراقلا ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك، ئۈ-
مىد پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەندەك بولۇش ھاياتلىقتا جەزمەن
دۇچ كەلمەي قالمايدىغان قىسمەتلەر بولۇپ، بىزنىڭ يى-
غىمىزنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

ئالىملارنىڭ دەلىللىشىچە، ئادەم روھىي ئازابلارنى
يوقىتىش ئۈچۈن يىغىغا موھتاج بولىدىكەن. ئەگەر قات-
تىق يىغا قىستىغاندا زورۇقۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالسا، تۈر-
لۈك كېسەللىكلەرگە ئۇچراش ئېھتىمالى بار ئىكەن. رو-
ھىي كۆتۈرەڭگۈلۈك، چوقۇم ساغلام تەنلىك بولۇشنى
ئىزدىگۈچىلەر يىغلاشقا توغرا كەلگەندە چوقۇم يىغلىۋې-
لىشى كېرەككەن. ئەمەلىيەتتىمۇ يىغىدىن قورقۇشنىڭ
ھېچقانداق ئاساسى يوق. ئادەم ئېغىر دەرد- ئەلەمگە يو-
لۇققاندا قېنىپ بىر يىغلىۋالسا يېنىكلەپ قالىدۇ. ھەرقان-
داق قاتتىق يىغىمۇ ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ. يىغلىغاندا ئا-
دەمنىڭ ئاچچىقى ياشقا ئايلىنىپ چىقىپ كېتىدۇ. يىغ-
ۋاشتىن ئۈمىد ۋە ئىرادە تىكلىنىدۇ.

پاجىئەلىك تەقدىر ھەرقانداق ئادەمنى يىغلىتىدۇ،
بۇنىڭغا ئوغۇل ياكى قىز دەپ ئايرىش كەتمەيدۇ. يىغا
كۆرۈنۈشتە ئۈمىدسىزلىكتىن پەيدا بولغاندەك قىلسىمۇ،
ئاقىۋەتتە ئۈمىد بەخش ئېتىدۇ. ئوغۇللارنىڭ يىغىسى

تەسەللى ۋە يېڭى ئۈمىد ئاتا قىلىش رولىغا ئىگە. چىن مەنىدىكى يىغا ئادەمنىڭ ھاياتقا بولغان ئۈمىدىنى يوقىتىدىغان چۈشكۈنلۈك پاتقىقى ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنى قايتىدىن باشلاش ياكى ھاياتنى يېڭى يۈنىلىشكە بۇراش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. تۆۋەندىكى بېيىتنى بىلمەيدىغانلار تېپىلمىسا كېرەك:

«دەرد-ئەلەملەر كېلىدۇ ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا،
سايىدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ كۆزدىن ئاققان يېشىغا.»

بىز بۇنىڭدىن بىر ئىچىنىشلىق ئىجتىمائىيەتنى ھېس قىلىپلا قالماي، ياش كەلكۈنى تۈگمەن تېشىنى چۆرگىلىتەلىگۈدەك يىغلايدىغانلارنىڭ ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. مۇبالىغە تۈسى ئالاھىدە قويۇق بۇ بېيىت ئوبرازلىق ئىپادىلەش رولىغا ئىگە بولۇپ، چوڭقۇر لاپ تەھلىل قىلساق، ئازابلىق تەقدىرىگە يىغلاپلا قالماي، يەنە كۈلەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىدەك ئۈمىد ۋە ھەقىقەتنىمۇ كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ئوغۇل بالا دېگىنىمىز، ئەقەللىي جەھەتتىن ئۆز بەختسىزلىكى، يوقىتىشلىرى ئۈچۈن يىغلىيالايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن تەسەللى تېپىپ، مېھنەت، كۈرەشلەر ئارقىلىق تەتۈر قىسمەت ئۈستىدىن غالىب كېلىپ كۈلەلەيدىغان، كۈتكەن نەرسىلىرىگە ئېرىشەلەيدىغان جىگەرلىك

ۋە مۇرۇۋۋەت ئىگىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىدە ئۇ ئەر-ئايال دەپ ئايرىلمايدۇ. بىز ئادەتتە ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان كىشىلەرنى «ئوغۇل بالا» دەپ سۈپەتلەيمىز.

ئوغۇل بالىلارنىڭ يىغىسىغا ئەجەبلەنمەيلى، ئۇلارمۇ يىغلىسۇن. ئۆز تەقدىرىنى يارىتىش يولىدىكى بۇ ئازابلىق كەچۈرمىشنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن. دوستۇم، ئەۋلىرىڭىزگە دومىلاپ چۈشكەن شۇ ياش تامچىلىرىنىڭ تەمىدىن ئازابلىق ئۆتمۈشىڭىزنى سېزەلىدىڭىزمۇ؟ شۇنداق، ئەڭ ئاۋۋال روھ غەلىبە قىلىدۇ، بولمىسا تۆككەن ياشلىرىمىز بىلەن قىلغان ئىشلىرىمىز ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. روھىيىتىمىزدىكى ئېلىشىشتا مەغلۇپ بولغان پاسسىپ ئامىللار سىقىپ چىقىرىلمىغۇچە، ھەرگىز تەقدىرگە بوزلىنەلمەيمىز. يىغا بىزنى روھىي قىسىلىشتىن، ۋەيرانچىلىقتىن ئازاد قىلىدۇ. كۈلۈش ئۈچۈن يىغلايلى، ھەقىقىي ئوغۇل بالىلاردىن بولايلى!



# قۇربىڭ يەتمەيدىغان ئىشقا ئۇرۇنما

باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكىدە (ھازىر بارمۇ-يوق بىلمەيمەن) «بۆدۈنە بىلەن سېغىزخان» دېگەن بىر پارچە تېكىست بولىدىغان. ئۇنىڭدا سېغىزخان غايەت زور چۆل - جەزىرىگە سۇ باشلاپ، يەرلەرنى قاشالاپ، جاھاندىكى بارچە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ خىللىرىنى تىكىپ ئالەمگە مەشھۇر بىر باغ بىنا قىلىش ھەققىدە دوستى بۆدۈنىگە ئىرادە بىلدۈرىدۇ. ئەپسۇسكى، «ئورۇق ئۆيگە يوغان مۆككۈز» ماسلاشمىغاندەك، سېغىزخاننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بۇ ئىش ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇ نە قاشا، نە بىر تۈپ گىياھ پەيدا قىلالماستىن، ئارمان بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىگە تۈزۈككىنە بىر ئۇۋىمۇ سالالمىغان تۇرسا!

بۇ مەسەلنى ئوقۇغان ئادەم بىر تەرەپتىن سېغىزخانغا ئىچى ئاغرىغاندەك قىلسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاچچىقلىماي قالمايدۇ. ئويلاپ باقسام، ئادەملەرمۇ قۇربى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بىھۇدە ئۇرۇنۇپ، شاخ ساندغۇچتەك «شاختىن شاخقا قونۇپ»، ھېچبىر نەتىجىگىمۇ ئېرىشەلمەي، يەنە تېخى «ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەي» يىگانلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىكەن.

مەيلى مەلۇم مەزگىللىك، مەيلى ئۆمۈرلۈك بولسۇن، قىسقىغىنە ھاياتنى بىھۇدە ئىشلارغا كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆتكۈزۈش ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر. قىزغىن-لىق ۋە جاسارىتىمىزنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئىشلار ناھايىتى ئاز. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن ئىشلارغا ھەر-گىز قۇربىمىز يەتمەيدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالدا پەقەت قۇر-بىمىز يېتىدىغان ئىشلارغىلا ئورۇنغىنىمىز تۈزۈك. «ئار-زۇنىڭ كۆپى، خىيالنىڭ چۆپى» دېگەن ھېكمەتنى قول-قىمىزدا چىڭ تۇتۇپ، مۇمكىنچىلىكى بار ئىشلار ھەققى-دە ئاقىلانىلىك بىلەن ئويلىنىپ، يېتىدىغان نىشانىنى بې-كىتىشىمىز، ئۆزىمىزگە زىيادە تەلەپ قويۇۋېلىشتىن ساق-لىنىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدىكى توغرا پىلان بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك.

بىز ئادەتتە «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەن قاراش بويىچە، ئۆزىمىزنى باشقىلاردەك بولۇشقا، باشقىلار قىلغاننى قىلىشقا زورلايمىز. بىراق، يارىتىلىشتا ھەممىسى ئوخشاش ئادەم بولسىمۇ، مەۋجۇت-لۇق سالاھىيىتى ۋە بىلىم- ساپاسى جەھەتتە ھەرگىزمۇ بىر- بىرىگە تامامەن ئوخشاشمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇت-قىنىمىزدا، گەرچە بەزى ئىشلارنى دوراپ، ھەتتا تىرى-شىپ قىلىپ كەتكىلى بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە ئەھ-ۋاللاردا بىر ئادەم قىلالىغان ئىشنى يەنە بىر ئادەم قىلال-

مايدۇ. مەيلى قانداق ئۆلچەمنى قوللىنىشىمىزدىن قەتئىي-
نەزەر، دۇنيادا بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىككى
نەتىجە بولغان ئەمەس. ھەربىر ئادەم بىرەر ئىشنى ۋۇ-
جۇدقا چىقارماقچى بولىدىكەن، چوقۇم سۈرئەت ۋە ئۇ-
نۇم، زامان ۋە پۇرسەت، ئىمكان ۋە شارائىت، ئىقتىدار
ۋە ساپا ئامىللىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك. ئە-
گەر بۇ شەرتلەر ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان ئىشلارغا
قۇلايلىق يارىتىپ بېرەلىسە، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئې-
رىشەلەيدۇ. نىھايەت، كىشىلىك دۇنياسى ئۈلگىلەر بى-
لەن تولغان، ياشاش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇسۇلى
جەھەتتىكى يۈنىلىش ۋە مەۋقەيىمىزنى كۆپىنچە باش-
قىلار ياراتقان ئاشۇ ئۈلگىلەرنىڭ تەسىرىدە شەكىللەن-
دۈرگەنمىز. بۇ ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ئەمەلىيەت.
ئەمما، شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، بىز تا-
مامەن ئۆزىمىزگە خاس(ئىسىم، ئورۇن، مەۋجۇتلۇققا
ئىگە) ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، باشقىلارنى دورد-
غاندەك قىلساقمۇ، ئەمەلىيەتتە، پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆز ئىش-
لىرىنى قانداق ئامىللارغا تايىنىپ ئورۇندىغانلىقىدىنلا
پايدىلىنىمىز. سېزىش-سېزەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر،
ھەربىر ھايات ئىگىسىنىڭ ئۆز مەنزىلى ۋە مۇناسىپ ئور-
نى بولىدۇ. ھەربىر ئادەم ماھىيەتتە پەقەت شۇ ئورۇنغىلا
ئېرىشەلەيدۇ.

ھايات ئىنتايىن قىسقا بولۇپ، گويا كۆزنى يۇمۇپ-

ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆتكۈنچى جەريان. ئەمما، بىز ئۆلۈشنى يوق قىلىۋېتەلمىسەكمۇ، ھېچبولمىغاندا مەنىۋى جەھەتتىكى ئەبەدىيلىك ئۈچۈن دەسلەپتىلا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، غايىمىزگە يېتىش يولىدا جان كۆيدۈرىمىز، بەدەللەر تۆلەيمىز. نۇرغۇن قىسمەتلەرگە دۇچار بولىمىز. ئەگەر قۇربىمىز يەتمەيدىغان ئارزۇنى كۆزلەپ ياشاپ كەلگەن بولساق، قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنىمىز بىلەن، يەنىلا مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىشتىن خالىي بولالماسلىقىمىز مۇمكىن. قۇربى يەتمەيدىغان ئىشقا ئۇرۇنۇش بەگنىڭ خىيالىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا ئالدىراپ ۋەدە بەرمەسلىكىمىز، بولۇپمۇ قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن غايىبتىن نۇسرەت كۈتمەسلىكىمىز كېرەك. بولمىسا قېرىپ مۈكچىيىپ، قوتۇر بېسىپ كەتكەن ئەخمەق سېغىز خاندەك ھەسرەت ئىچىدە ھالاكەتكە يۈزلىنىمىز.

ھاياتتا قىلىشقا تېگىشلىك ۋە قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. ئەمما، ھەرقاچان ياشاش مۇھىتىمىز، جىسمانىيەت ۋە روھىيىتىمىز، ئىجتىمائىي شارائىت، بىلىم، قابىلىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇمكىنچىلىكنى ئويلاپ ئىش كۆرمەي بولمايدۇ. ھاياتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ زور ئۈنۈمگە ئېرىشىشتۇر. ئۇ نەتىجە بولۇشمۇ، كېيىنكى

يول ۋە يېڭى غەلىبىنىڭ ئورۇنلۇق تەسەۋۋۇرى بولۇشى-
مۇ مۇمكىن.

«كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەگ-
لىپ قىلىنىدۇ» غانلىقى يىمىرىلمەس ھەقىقەت. ئەجداد-
لىرىمىزنىڭ «ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ
ئۇن (تارت)»، «يوتقانىڭغا بېقىپ پۇت سۇن»، «كۆلەلمە-
سەڭ ھىجايما» دېگەنلىرى قانداقتۇر شۈكۈرچىلىك ئىدد-
يىسى بولماستىن، ئەۋلادلارنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا بېقىپ
ئىش ئېلىپ بېرىشىغا قارىتىپ ئېيتىلغان. قىلغان ئىشى-
مىزنىڭ ئۈنۈم بېرىش - بەرمەسلىكى تەدبىرىمىزنىڭ
قانداقلىقىغا، يولىمىزنىڭ توز- قىڭغىرلىقىغا باغلىق.
خەنزۇلاردا: «ئۆز ئۆيۈڭگە چىراغ ياقالماي تۇرۇپ، قان-
داقمۇ ئالەمنى يورۇتالايسەن؟» دەيدىغان گەپ بار.
شۇڭا، ئەڭ ئاۋۋال زۆرۈر ۋە ئىستىقباللىق، قۇربىمىز يې-
تىدىغان، مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىشلارنى قىلايلى، ئې-
سىمىزدە بولسۇنكى، ھاياتلىق تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بو-
لۇشى تەدبىرىمىزگە باغلىق!



# بىز ئۆزىمىزنى ئالداشقا موھتاج

«ئالداش» دېگەن سۆزنى ئاڭلىسا، ھەرقانداق ئادەم-نىڭ يۈرىكى جىغىلدايدۇ. چۈنكى، ھېچكىم ئالدىنىپ قېلىشنى خالىمايدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا، خورسىنىپ تو-لىمۇ كېچىككەنلىكىدىن ئىچى ئېچىشىدۇ. «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتمىغان»لىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنىدۇ. ئەمە-ما، ئۆزىمۇ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالداپ قويغىنىنى بى-لىپ يەتكىنىدە كەيپىياتى بۇ دەرىجىدە ناچارلاپ كېتە-شى ناتايىن. سەۋەبى، ئادەمزاتنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشەنگى-لى بولمايدىغان شەخسىيەتچىلىك تۇيغۇسى ھۆكۈم-ران. دۇنيا ۋە پۈتكۈل ئادەملەر بىر-بىرىنى، شۇنداقلا ئۆز-ئۆزىنى ئالداشقا موھتاج بولمىغىنىدا، ئىسا پەيغەم-بەر ئۆزىنى مېھىر-مۇھەببەتلىك پۇقرالىرى بىلەن ئال-داپ دارغا ئېسىلمىغان بولاتتى. بۇمۇ بىر خىل ئالدى-نىش ۋە ئالداشتۇر. ئۇ تەگرى تەرىپىدىن ئالداندى ۋە ئۆزىنى تەگرى شاپائىتى ئۈچۈن ئالدىدى. ساناشقا توغ-را كەلسە، بۇنىڭغا تارىخ سەھىپىسىدىن مىڭلاپ، ئون-مىڭلاپ مىسال كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، قانچە چوڭقۇر ئويلىساقمۇ، بۇنى زادىلا چۈشەنگىلى بولمايدى-

غاندەك تۈيغۇدا بولىمىز. چۈشەنگىلى بولمايدىغانلىكى ئىشلارنى ئېتىراپ قىلماسلىقتەك جاھىللىقتا قانچىلىك چىڭ تۇرۇۋشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بۇ پاكىت، يەنى ھايات ۋە دۇنيا ئالداش ۋە ئالدىنىش ئىچىدە تەگداشسىز گۈزەللىك ۋە يۈكسەك مەۋجۇتلۇقتىن بەھرە ئالالايدۇ. ئەگەر ئالداش ۋە ئالدىنىش بولمىغىنىدا، ھايات قىسمەتلىرى بىزدىن ياشاش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

كىچىكىمىزدە موممىمىزنىڭ ئاغزىدىن غايىپ خەزىنىلەر، ياغاچئات، ئۇچار گىلەم، دىۋە-پەرىلەر ھەققىدىكى توقۇلما ھېكايىلارنى ئاڭلىغىنىمىزدا، سەبىيلىكىمىزدىن ئىشەنگەن. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، ئەقلىمىزنى تاپقىنىمىزدا، ئاشۇ چۆچەكلەردىكى چەكسىز چۆل-دەشتلەردە چېكىدىغان ھايات قىسمەتلىرىلا راست بولۇپ چىقتى. تۇرمۇشنىڭ قىستاشلىرىغا تاقابىل تۇرالمىغىنىمىزدا، بىردىنلا قېچىش خىيالىغا كەلگەن بولساقمۇ، ھېلىقى ياغاچئات ۋە ئۇچار گىلەملەرنىڭ ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى ئازاب ئىچىدە تەن ئالدۇق. ھاياتقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئالدانغۇچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئالدىمىزدا كۆز يەتكۈسىز داۋانلار پەيدا بولدى. بەخت، خۇشاللىق ۋە ئىنسان پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېرىشىشنى ئويلايدىغان ئاللىقانداق نەرسىلەر ئۈچۈن جەزمەن داۋانلاردىن ئاشماي بولمايتتى، داۋانلار بولسا تۈگىمەيت-

تى. شۇنىڭ بىلەن قانچە ھار ساقمۇ قەلبىمىزدىكى ئۆزد-
نى ئالداش تۈيغۇسى بولغان ئۈمىدكە ئەگىشىپ يول-
مىزنى داۋام قىلاتتۇق. نىھايەت، سەپەر جەريانىدىكى
ئالداش ۋە ئالدىنىش ئىچىدە ھاياتنى داۋام ئېتىشتە ئەس-
قاتىدىغان تەجرىبىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشتۇق.

ئالايلۇق، «سوۋېت - گېرمان ئۆزئارا تاجاۋۇز قىل-
لىشماسلىق شەرتنامىسى»دە پۈتۈلگەن «مەڭگۈ بىرگە
ئۆتۈش» توغرىسىدىكى قانلىق قەسەم- ۋەدىلەر، ئىككى
دۆلەت ئارا تۈرلۈك مەقسەتلەردە باغلىنىۋاتقان ئەقىدى-
لەر، «كوزىنىڭ سۇنماسلىقى»غا بولغان ئىشەنچلەر، پاك-
لىق، ئەبەدىيلىك، ھەققانىيەت، گۈزەللىككە باغلانغان
ئىشەنچ، بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت ئۇچۇن بىلدۈرۈلۈۋاتقان
ئوتلۇق تىلەكلەرنى كىممۇ بىردەمدىلا چۈشكە ئايلىنىپ
توزغاقتەك ئۇچۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغان؟ بىز ئاشۇ
تۇزۇشلار ئىچىدە ياشاپ، نېمىنىڭ ھايات، نېمىنىڭ ما-
مات، نېمىنىڭ قىممەت، نېمىنىڭ ھىممەت، نېمىنىڭ
ئىنسان، نېمىنىڭ ھايۋان، نېمىنىڭ مۇھەببەت، نېمى-
نىڭ نەپرەت، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ
گۈزەللىك، نېمىنىڭ رەزىللىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلى-
مىز، ھاياتتا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ يېتىمىز،
نۇرغۇن ئۇلۇغۋار نەرسىلەرگە ئىنتىلىمىز. ئەمما، ئۇچال-
مىغانلىقىمىز سەۋەبلىك، بىرەر مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۇچۇن كۆپ يول مېڭىشقا، بەدەل تۆلەشكە مەج-

بۇر بولىمىز-دە، ئۆز-ئارا ئالدايمىز ۋە ئالدىنىمىز. ئالداش ۋە ئالدىنىشلار جەريانىدا «مۇناسىپ خۇشاللىق»لارغا ئېرىشىپلا قالماستىن، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىمىزدەك ئەڭ زور ئالدىنىش ھېسسىياتىنى ساقلاپ قېلىشقا مۇۋەپپەق بولالايمىز. شۇنداق، بىز مەڭگۈ ۋە مۇتلەق دەپ قارىغان نەرسىلەر مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئۇنداق بولماي قالىدۇ. بۇ بىزنى ئازابقا سالىدۇ. بىز چوڭقۇر ئازاب-ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشكە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە يېڭىدىن ئالدىنىش ئىرادىسىگە كېلىمىز-دە، كۆز ياشلىرىمىزنى سۈرتۈۋېتىپ يىراقتىكى داۋانلىق چوققىلارغا ئىنتىلىمىز.

سەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتىن بىرنى پۈتكۈزگۈچە، 10ى دېۋەيلەپ ئالدىڭغا كېلىۋالىدۇ. گاھىدا قايسىسىنى ئاۋۋال قىلىشنى بىلمەي بېشىڭمۇ قاتىدۇ... ئوتلۇق سۆيۈشلىرى بىلەن قەلبىڭنى ئىگىلىگەن شۇ قىزنىڭ بىر كۈنلەردە سېنى مەڭگۈلۈك ئازابقا قويۇپ تاشلاپ كېتىشى، «پادا باققاندىكى دوستۇڭنىڭ ياغاچ چاققاندا ئايرىلىشى»، سەن ھەقلىق سانىغان ئىشلارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىشى، ئارزۇ-ئارمانلىرىڭنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى، مەلۇم يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ زىيان تارتىشىڭ، تۇرمۇش يولىدا مەغلۇپ بولۇشۇڭ، كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتلەرگە يولۇقۇشۇڭ... ھەقىقەتەنمۇ زور ئالدىنىش ئەمەسمۇ! ھالبۇكى،

سەن بۇلار تۆپەيلى ئېغىر غەم - قايغۇ ۋە دەرد- ئەلەمگە پاتقىنىڭ ئاز كەلگەندەك، ئۆزۈڭنى ئازاب بىلەن ئالداشتەك زور خاتالىققا يول قويۇۋاتقىنىڭنى سەزمەي قالدىسەن. بۇنداق ئالداش ۋە ئالدىنىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋۇجۇدۇڭدىكى ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ يۈكسەكلىك دەرىجىسىگە باغلىق.

ئەگەر بىز ھاياتنى ئەڭ زور ئالدىنىش دەپ قارىغاندىمۇ، ئۆزىمىز ۋە ئۆزگىلەر بىلەن بولغان ئالداش ۋە ئالدىنىش ئېھتىماللىقىنى ئىمكانقەدەر يوققا چىقىرالىساق، يۈزىمىزنى يورۇق قىلالىغان بولاتتۇق. ئالداش ئارقىلىق باشقىلارنى ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش جىنايەت ھېسابلىنىدۇ، بۇلۇپمۇ دۇنيادا ئالداش يولى بىلەن باشقىلارنى روھىيىتىدىن مەھرۇم قىلىشتىنمۇ ئېغىر جىنايەت يوق! چۈنكى، مال- مۈلۈك ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەردىن مەھرۇم بولۇش ئادەمگە ئانچە ئېغىر كەلمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ روھىيەت ۋە ھېسسىيات ئۈچۈن تۆلەيدىغان بەدىلى ھەقىقەتەن چوڭ بولىدۇ.

بىز گەرچە ئالداش ۋە ئالدىنىشقا نىسبەتەن باشقىچە پوزىتسىيىدە بولساقمۇ، «ئۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك، ئۇنداق قىلىش كېرەك، مۇنداق قىلىش كېرەك» دېسەكمۇ، ئەمەلىيەت ھەرگىز بىزنىڭ خاھىشىمىزغا بويسۇنمايدۇ. گىياھ قارا يەردىن ئۈنۈپ چىققانغا ئوخشاش، بىز-

نىڭ يېتۈكلۈكىمىز ئالداش ۋە ئادىنىش ئىچىدە يېتىلىد-
دۇ. بىز ئالداشقا موھتاج. ھايات ۋە ئۇنىڭ بۈيۈكلۈكىد-
گە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ئالداش ۋە ئالدىنىش ئىد-
چىدە مۇكەممەللىشىپ قۇياشتەك نۇر چاچقۇسى.



# ھايات ئىنتايىن گۈزەل

ۋاز كەچكىلىمۇ، قايتا ئېرىشكىلىمۇ بولمايدىغان نەرسە ھاياتتۇر. قايسى چاغ ئىدىكىن، زېمىننى تىترەتكەن بوۋاقنىڭ يىغىسى ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشتىن رازى قايتقان، ھەممە نەرسىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن، ئەمما داۋاملىق ياشاش مۇمكىنچىلىكى بار بىر بېچىرىم ھاياتنىڭ دۇنيادىن ۋىدالىششى بىلەن تەكرارلانسا، بەجايىكى، بارلىق قىزغىنلىقتىن مەھرۇم قالغاندەك ھېسسىياتتا بولۇشىمىز تەبىئىي. تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئوينىغىنىمىزدا، قوشنىلارنىڭ بېغىدىن مېۋە ئوغرىلاپ يېگىنىمىزدە، ئېرىق-ئۆستەڭلەردە سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىغانلىرىمىزدا، ئاخشاملىرى بوۋا-مومىلىرىمىز ئېيتقان ئاجايىپ چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكىنىمىزدە... ۋاقتىنىڭ بىزگە تۇيدۇرماي باللىقتىكى غەمسىزلىكلىرىمىز ۋە سەبىيلىكتىكى خۇشاللىقلىرىمىزنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلىگەن بولساق كاشكى! مانا، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى بەللىرىمىزنى مۈككەيتكەن دەملەردە ئاشۇ گۈزەل چاغلارنى خۇرسىنىش ئىچىدە ئەسكە ئالساق كۆزلىرىمىز ياشقا تولىدۇ، بىر دەقىقە بولسىمۇ ئاشۇ باللىق دەۋرىمىزگە قايتقۇمىز كېلىدۇ.

دۇ. ئەپسۇس، قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتىش ھېچكىمنىڭ قو-
لىدىن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇشتا قولدىن
كەتكەن نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن بولسىمۇ، لې-
كىن ئۇ ئېرىشمەكچى بولغىنىمىزنىڭ دەل ئۆزى بولۇشى
ناتايىن. چۈنكى، ھاياتقا ئوخشاشلا ھەرقانداق نەرسە ئا-
دەمگە پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ. شۇڭا، ئادەم
ئىلكىدىكى نەرسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چىڭ تۇتۇ-
شى، قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، قولدىن كەت-
كۈزۈپ قويماي، گۈزەللىكىدىن لەززەتلىنىشى كېرەك.
ھايات ئىنتايىن گۈزەل، چۈنكى ئۇ مۇھەببەت بىلەن تو-
يۇنغان. ئىنساننىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا بولغان چوڭ-
قۇر مۇھەببەت تۇيغۇسى ياشاشنىڭ قىممىتىنى نامايان
قىلىشقا شۇ قەدەر قىزىقتۇرىدۇكى، بىز قىسقىغىنە ئۆمرى-
مىزدە گۈزەللىك يارىتىش پائالىيىتىگە ئاقىلانىلىك بى-
لەن ئاتلىنىمىز ھەمدە بۇ جەرياندا يولۇققان ھەرقانداق
دىلخەستىلىك ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەردىن ھالقىپ كېتە-
لەيمىز. ھاياتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەلۇم نەرسە مۇتلەق
گۈزەل ياكى رەزىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىز تېخى
بېسىپ بولالمىغان ھايات مۇساپىسىدە ئۇچراش ئېھتىما-
لى بولغان مەغلۇبىيەت ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر، مۇۋەپپەقى-
يەت ۋە خۇشاللىقلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرۇشى
مول مەزمۇنلۇق ھاياتلىق كىتابىنىڭ پۈتۈپ چىقىشىغا
تۈرتكە بولىدۇ. خۇددى مۇتەپەككۇر بوۋىمىز يۈسۈپ

خاس ھاجىپ ئېيتقانىدەك : «كىشى ئارزۇسىغا تولۇق يەتسە ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ.» ۋەھالەنكى، دۇنيادا ھازىرغا قەدەر بارلىق ئارزۇلىرىغا تولۇق قېنىپ ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن بىرمۇ كىشى كۆرۈلمىگەن. ئەكسىچە، ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشمىغانلىق سەۋەبىدىن ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ئەھۋاللار دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ھاياتقا ئۇمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ياشاش پرىنسىپى بولىدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قاينىمىدىكى ئېتىقاد- پرىنسىپلىرىمىز، غايە ۋە ئىنتىلىشلىرىمىز ھامان خىرىسقا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. پىچاقنى ئىشلىتىپ تۇرغاندىلا ئاندىن ئىتتىكلەپ، يۈزى پارقىرىغاندەك، ھاياتمۇ چەكلىمىلەرگە تاقابىل تۇرۇش، توسالغۇلاردىن ھالقىش جەريانىدا ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. ئۇ ئاشۇ جەڭگىۋارلىقى، ئىجادچانلىقى ۋە ئىزدىنىشچانلىقى بىلەن ئىنتايىن گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ. بىر ئادەم مەڭگۈ خۇشاللىق، مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت قۇچىقىدا يايرىسا ياكى مەغلۇبىيەت، غەم- قايغۇ ۋە دەرد- ئەلەمدىن قۇتۇلالمىسا، كىشىلىك دۇنياسىغا، ھاياتقا بولغان بارلىق ئىشەنچ - قىزىقىشلىرىنى بىراقلا يوقىتىدۇ-دە، ئۆلۈمگە يۈزلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئادەم مەڭگۈ خۇشاللىق ياكى خاپىلىقتا ئۆتۈشى ناتايىن. چۈنكى، ئادەمنىڭ ھاياتىدا قايسىسىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى ئېگىلىشىدىن قەتئىينەزەر، قارىمۇقارشى ئىككى تەرەپ

دەۋرىيلىنىپ، بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىز ئا-لەمدە ياشايمىز، ئالەم بىز بىلەن ياشايدۇ. دادامنىڭ: «بارلىق نەرسە مۇكەممەل يارىتىلغان، بىرى كەم ياكى بىرى ئارتۇق ئەمەس» دېگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئالەم ۋە بىز بىر - بىرىمىزدە ياشايمىز. كىشىلىك دۇنياسى سان - ساناقسىز يېڭىلىقلار بىلەن گۈزەللىك دۇنياسىغا ئايلانغان. گەرچە بەزى چاغلاردا رەزىل، خۇنۇك ۋە ئا-زاب ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلى-گەندەك قىلسىمۇ، يەنىلا ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ئىنسان-نى گۈزەللىككە يېتەكلەيدۇ. بىر دېھقاننىڭ يىل بويى جاپالىق مېھنەت تەرى ئاقتۇرۇپ يېگەن بىر پارچە نېنى-دىن كېلىدىغان خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇسى پۈتۈن ھاياتى بەدىلىگە ئىجاد ئەتكەن نەرسىدىن سۆيۈنۈۋات-قان كەشپىياتچىنىڭ خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇسىدىن ھەرگىزمۇ كەم ئەمەس. بىز ھەربىرىمىز ئىككى پۇتىمىز بىلەن بەلگىلىك يەرگە دەسسەپ ياشايمىز. ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزگە يارىشا مەقسەت، نىشان بويىچە مەلۇم نەرسى-لەرنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئىزدىنىمىز، ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ئېرىشىدىغىنىمىز باشقىلارغا بەخشەندە قىلغان نەرسىلىرىمىزدىن پەيدا بولغان چەكسىز ئىپتىخارلىق ۋە مەمنۇنىيەت ئارىلاشقان بەخت تۇيغۇسىدۇر. ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ جاۋابى ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان ئوقۇ-غۇچى، ستانوكلار ئارىسىدا ئىشلەۋاتقان، زەي، قاراڭغۇ

كانىلاردا كۆمۈر قېزىۋاتقان ئىشچى، مەلۇم ئىجادىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچى، ئىلىم مۇنبىرىدە ماقالە ئوقۇۋاتقان ئالىم، ساغا قاراپ كېلىۋاتقان تىلەمچى، قوملۇقلار بىلەن قورشالغان زېمىنىنىڭ بىر بۇرجىكىدە كۆچەت تىككەچ يىراققا نەزەر تاشلاۋاتقان بوۋاي، نەم توپىلاردىن «تەقلىدىي بىنا» ياساۋاتقان سەبىي بالىلار، ئۆز تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقان ياش... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغۋار ھايات گۈزەللىكىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئالەمگە تونۇتماقتا. چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەر، كۆپكۆك ئاسمان، ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشلار، يېشىل بوستانلىقلار، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار، ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەر، مەڭگۈلۈك ھەرىكەت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان سۆيۈملۈك ۋە گۈزەل دۇنيا بىزنى چاقىرماقتا. ئۇنىڭ قوينىدىكى تۇرلۇك شەيئىلەرنىڭ ھەربىرى گويا بىر تال شامدەك ياكى سېخىي قۇياشنىڭ تال- تال نۇر دەستىلىرىدەك قەلبىمىزدە ھايات گۈزەللىكىگە قارىتا چەكسىز مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغاتماقتا. ياشاش بولىمىزدىكى كەسكىن رىقابەتنىڭ تۇرمۇشىمىزغا قانچىلىك خىرىسلارنى ئېلىپ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، مەڭگۈ ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىشلا قۇتۇلۇش ۋە يېڭى خۇشاللىققا ئېرىشىشىمىزنىڭ بىردىنبىر ئۇنۇملۇك تەدبىرىدۇر.

ھايات ساقلاپ قېلىش (داۋاملاشتۇرۇش)نىڭ تەس-
لىكى سەۋەبىلىكلا بولۇپ قالماي، رىقابەتكە تولغانلىقى
بىلەن گۈزەلدۇر. ياشاش جەريانىدىكى كۆز ياشلىرى-
مىز، دەرد- ئەلەملىرىمىز ۋە ئۆكۈنۈش- ھەسرەتلىرىمىز-
نىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلالمىغانلىقى-
مىز، يەنى ئۆزىمىزدە مۇكەممەللىككە يۈزلىنىۋاتقان يا-
شاش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغانلىقىمىز بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك. ئادەمنىڭ ياشاش ئىقتىدارى تەشەببۇسكارلىق بى-
لەن ئالغا ئىنتىلىش، ئىزدىنىش داۋامىدا تەدرىجىي مۇ-
كەممەللىشىپ بارىدۇ. ئۇ ھەربىر ئادەمدە بولۇشقا تېگىش-
لىك ھايات قارىشى، دۇنيا قاراش، ئىنسانىي پەزىلەت،
يېڭىلىق يارىتىش روھى ئاساسىدا ھاياتنى يېڭىدىن- يې-
ڭى مەنزىللەرگە ئېلىپ بارىدىغان زۆرۈر يېتەلەرنىڭ يە-
غىندىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ئەلۋەتتە، بىر ئادەمگە نىسبە-
تەن روھىي يوقىتىشتىن قۇتۇلۇپ، مەغلۇبىيەتنى غالىبى-
يەتكە ئۆزگەرتىش، يېڭى خۇشاللىق ۋە بەختكە ئېرى-
شىشتىكى ئۇستۇنلۈك ھېسابلىنىدۇ. دەل بۇ خىل ئىقتى-
دار ئىنسانلاردا ئوخشاش يېتىلمەسلىك تۈپەيلىدىن كى-
شىلەرنىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە كىشىلىك
ئورنىدا خىلمۇخىل پەرقلەر ساقلانغان. مانا شۇ پەرقلەر
كەلتۈرۈپ چىقارغان سان- ساناقسىز ئىشلار كىشىلەردە
ھاياتقا قارىتا مۇئەييەن تونۇش ۋە قىزىقىشنى پەيدا قىل-
غان ۋە ئىلگىرى سۈرگەن.

بىرنەرسىنى قولدىن بېرىپ قويۇش بىلەن يەنە بىر نەرسىگە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقارماسلىق كېرەك. ھاياتنىڭ گۈزەللىكى دەل ئۇنىڭ يېڭىدىن- يېڭى ئۆمىدلەرنى ئۆزلۈكسىز پەيدا قىلىپ تۇرۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق، بىز پەقەت ئۆزىمىز گىلا ۋەكىللىك قىلماستىن، بارلىق ھاياتلىق بىلەن ئورتاقلىشىش ئارقىلىقلا بۇ گۈزەللىكنى يارىتىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيمىز. ئەگەر ھاياتتا تەنھالىق (يېگانىلىق) بولىدىكەن، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بىز ئۆزئارا موھتاجلىق ئىچىدىلا تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان گۈزەللىكنىڭ سىيماسىنى ھېس قىلىپ يېتىمىز. ئەتراپىمىزدىكى ھاياتلىق گۈزەللىكلىرى بىلەن ئورتاقلىشىش ئارقىلىقلا مۇكەممەل گۈزەللىكتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشەلەيمىز. ئەنگلىيە شائىرى جون تائىن يازغان «سائەت كىم ئۈچۈن ماڭىدۇ» دېگەن شېئىر بۇ يەكۈنىمىزنىڭ يېشىمى بولالايدۇ:

«ھېچ كىشىمۇ ئوخشىماس دېڭىزدىكى تەنھا ئارالغا،
ئادەم گويا بىر سىقىم توپا.
ئۇلاردىن بەرپا بولۇر كەڭ زېمىن...
كەتسە ئەگەر بىر پارچە تۇپراق
دېڭىز دولقۇنى بىلەن،
ياۋروپادا شۇئان كەم بولىدۇ

بىر پارچە زېمىن،
تاغ-ئېدىرمۇ، دوستۇڭ بىلەن سەنمۇ
شۇنىڭغا ئوخشاش...»

شۇنداق، ھاياتلىقتىكى بارلىق نەرسە ئۆزئارا بىرلەشكەندە مۇكەممەل گۈزەللىك شەكىللىنىدۇ. بىز گەرچە ئۆز يولىمىزدا كېتىۋاتقاندەك قىلساقمۇ، ھاياتنىڭ قىممىتى ۋە شان-شۆھرىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇقەررەر ھالدا بىر-بىرىمىزگە تايىنىمىز. ئۆزئارا ياردەم، قوللاش، بېغىشلاش، ئىشەنچ ۋە ئورتاق ئىلگىرىلەپ نەتىجە يارىتىش ماھىيەتتە بىر-بىرىمىز ئۈچۈندۇر. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھايات مۇشۇنداق ئۇلۇغۋارلىقى تۈپەيلىدىنلا گۈزەلدۇر. ھالبۇكى، بۇ گۈزەللىك مەڭگۈلۈك كۈرەش ئىچىدىلا خۇددى تاش ئارىسىدىن ئۈنۈپ چىققان بىختەك تەدرىجىي كۆككە بوي سوزغان يېشىل قارىغايغا ئايلىنىدۇ. قىيادىكى بىر تۈپ بۈك-باراقسان قارىغاي بىلەن كامالەت چوققىسىدىكى ئىنساننىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكى ئەنە شۇنداق يېتىلگەن. ئالەمدىكى ھاياتلىقنىڭ ھەممىسى گۈزەلدۇر.

# گۈزەللىك — يېڭىلىقتۇر

تەتقىقاتلاردىن مەلۇمكى، ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك»تە «گۈزەللىك — يېڭىلىق-تۇر» دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ، تەپەككۇرغا باي كىشىلەرگە ناھايىتى زور زوقلىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىپ، روھىنى ئۇرغۇتىدۇ ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ.

بىز ئادەتتە گۈزەللىكنى ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى ۋە دۇنيا-نى ئۆزگەرتىشىدىكى زۆرۈر ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى دې-گەن مەنىدە ئىزاھلايمىز. بۇنى كونكرېتلاشتۇرساق، گۈزەللىكنىڭ ئەمگەك بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەمگەك ئا-ساسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلارنىڭ مەزمۇنى ئىكەن-لىكى ئايان بولىدۇ، چۈشەنچە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

گۈزەللىك ئەڭ ئاۋۋال بايقاش، يارىتىش ۋە پەر-ۋىش قىلىش ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ گۈزەللىك كاتېگورىيىسىگە تەۋەدۇر. بىز تۇرمۇشقا قە-دەم تاشلىغىنىمىزدا دائىم دېگۈدەك ئۈنىڭغا موھتاج بولى-مىز ۋە زۆرۈرىيەت تۈپەيلى تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت كو-نا، خۇنۇك، رەزىل نەرسىلەردىن ئادا- جۇدا بولۇپ، يې-ڭى يۆنىلىشكە ئىنتىلىمىز.

ھاياتلىقنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى ۋە قاچان ئا-

خىرلىشىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسان ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدىغان ۋە نامايان قىلالايدىغان بىرلا يول بار. ئۇ بولسىمۇ يېڭى نەرسىلەرگە ئىنتىلىش، ئىزدىنىش ۋە ئۇنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر ھاياتلىق يېڭى-لىنىشتىن مەھرۇم بولىدىكەن، ئۇ ھالدا نە تەرەققىياتنى، نە ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دەل شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار جەمئى-يەت بولۇپ ئۇيۇشۇپ، زامان ۋە ماكانغا يارىشا مەۋجۇت-لۇقىنى ساقلاپ كەلگەن. ئىنسان ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال روھ-نى ئۆزگەرتىشى، يېڭىلىشى زۆرۈر. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇشتىكى پۇرسەت ۋە شارائىتقا ئىزدىنىشتە جەزمەن ئىن-سانىي پەزىلەت ۋە ئىز گۈلۈك تۇيغۇلىرى بىلەن مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپلا قالماي، ئەقىل- ئىدراكقا تايىنىپ بىلىم ئىقتىدار جەھەتتىكى ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈ-رۈشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

ھاياتلىق رىقابىتى ئىنتايىن كەسكىن. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئىنچىكىلىشىشى، ئىشلەپچىقىرىش-نىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن رېئال تەرەققىياتى بىزنىڭ ئىل-گىرىكى مەۋجۇتلۇقىمىزنى چۈشكە ئايلاندۇرماقتا. ئۈز-لۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان «ئورۇن تالىشىش» كۈرىشى يې-ڭىلىق يارىتىش — ئۆزىنى نامايان قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يېيىپ كەتتى. ئۇ ئىلگىرى مەلۇم سىياسىي-

ئىجتىمائىي گەۋدە ئارقىلىق ئورۇنىدالغاچقا، كىشىلەرگە ئانچە خىرىس ئېلىپ كېلەلمەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭغا قاتنىششقا مەجبۇر قىلىنغاچقا، گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ۋە لەززەتلىنىش قىيىن بولمايلا قالماستىن، بىردىنبىر چىقىش يولىمىز گۈزەللىكنى يېڭىلاش ئۈستىگە مەركەزلەشتى. ئەمەلىيەتتە، گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى بىر، پەقەت شەكلى ئوخشاشمايدۇ. بىز ئۆزىمىزنى سۆيگەن چېغىمىزدا جەزمەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتىش كويىغا چۈشىمىز. باشقىلارنى ۋە دۇنيانى سۆيگەن چېغىمىزدا، يەنى ئۇلاردىكى گۈزەللىكنى ھېس قىلىغىنىمىزدا، مۇقەررەر ھالدا قەلبى گۈزەللىككە تولغان بىر ئىنساننىڭ ھەققانىي ئورۇنۇشلىرى دەل ئاشۇ گۈزەللىكلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدىكى ئۇلۇغ ئەمگەك ئىكەنلىكىنى تەن ئالىمىز.

ئادەمنىڭ ئادەمگە، شۇنداقلا ئۆزىگە ۋە دۇنياغا بولغان گۈزەللىك مۇناسىۋىتى (سۆيگۈسى) ئۆزىنىڭ قەلبىدە ئۇلۇغۋار مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئويغاتقىنىدا بىز مېھرىبانلىق، ياردەم، مەردلىك، ساداقەت، بېغىشلاش، بەدەل بېرىش، سۆيۈش، ئىزدىنىش، قۇتقۇزۇش ۋە زوقلىنىشنىڭ گۈلىستانىغا ئايلىنىۋاتقان ۋۇجۇدىمىزدىن ئەڭ ئالدى بىلەن بىر ھەقىقىي ئىنساننى كۆرىمىز. ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا گۈزەللىك يارىتىۋاتقان، ياراتقان ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنىۋاتقان بىر گۈزەل ھايات سۈپىتىدە كۆ-

لۈمسىرەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆلۈمسىرىشى خۇددى تاڭ
قۇياشىدەك ئۈمىدسىزلەرنىڭ كىرپىكلىرىدىكى شەبنەم-
لەرنىڭ ئورنىغا نۇر ۋە ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؛
شەيتانلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئايان قىلىپ، ئازغۇ-
چىلارنى يامان يولدىن قايتۇرىدۇ. ئاشۇ كۆلۈمسىرەش-
لەر ئىچىدە «قۇياش ھەر كۈنى يېڭى» دېگەن جۈملە ئال-
تۇندەك چاقناپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىز ئىنسانىي پەزىلەت-
لەرگە ھەرقانچە باي بولغىنىمىز بىلەن، تەقدىرىمىزنى
يارىتىشقا جۈرئەتسىز، قاتمال، بوشاڭ پوزىتسىيە تۇت-
ساق، مۇقەررەر ھالدا سەپتىن چۈشۈپ قالىمىز. ھالبۇ-
كى، تېگىشلىك ئورنىدىن مەھرۇم بولغان كىشى قانداق-
مۇ تەبىئەتنىڭ ۋە ھاياتنىڭ گۈزەللىكىدىن زوقلىنالى-
سۇن؟ ئادەم باشقىلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرد-
شىشتىن ئىبارەت بەختتىن بەھرىمەن بولۇشنى ئويلايدى-
كەن، تۇرمۇشىدا چوقۇم يېڭىلىق يارىتىشى كېرەك.
جەمئىيەتنىڭ قايسى قاتلىمىدا بولۇشتىن ۋە قايسى ئىش
بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قەتئىينەزەر، ئۆزلۈكسىز ھالدا يې-
ڭىلىققا ئىنتىلىشلا بىردىنبىر چىقىش يولى ھېسابلىنىدۇ.
سىز دەرىقابەتچىلىرىڭىزدىن ئۆتۈپ كەتكۈدەك جاسا-
رەت ۋە كۈرەش ئەمەلىيىتى بولغاندىلا، ئۇلار يېتەلمىد-
گەن پەللىلەرگە يېتەلىشىڭىز مۇمكىن. ئىشەنچىڭىزنى،
ئىلغارلىق ھالىتىڭىزنى ئازراقلا يوقاتسىڭىز، ئارقىڭىزدى-
كىلەر تەرىپىدىن ياقىغا چىقىرىلىپ قويۇلىسىز ياكى ئىس-

تىكىڭىزدىن مەھرۇم بولۇپ مەنزىلگە يېتەلمەي قالىسىز. تۇرمۇشنىڭ ئىمتىھانى شۇنداق قاتتىقكى، ئۇ بىزدىن يۇقىرى دەرىجىدە بەرداشلىق، غەيرەت ۋە شىجائەت تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، بىلىم-ئىقتىدار تەدرىجىي يېتىلىدۇ. ھېچكىممۇ بارلىق «سوئاللار»غا جاۋاب بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى، يېڭىلاش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان پۈتكۈل ھاياتلىق ئامىللىرى بىزنىڭ ئازراقمۇ توختاپ قېلىشىمىزغا يول قويمايدۇ. توختاپ قېلىش سەپتىن چۈشۈپ قېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

بىلىشىمىز كېرەككى، ئۆزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇلمىغان نەرسە مۇكەممەل بولالمايدۇ ۋە مۇكەممەللىكىنى يوقىتىدۇ. ئەمما، مۇكەممەل دېيىلگەن نەرسىلەرمۇ يەنە بىر مۇكەممەل نەرسىلەر تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىش خەۋپىدىن ھەردەم خالىي بولالمايدۇ. ئادەمنىڭ ئەبەدىي گۈزەللىككە ئىنتىلىشى ئەمەلىيەتتە مۇكەممەللىك ئۈچۈندۇر. ئەمما، مۇكەممەل نەرسىگە ئېرىشىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. ئادەم پەقەت گۈزەللىك يارىتىش يولىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىنى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

بىزنىڭ كۆزقاراش، پوزىتسىيىمىز ۋە ھاياتلىقتا تۇتقان ئورنىمىز ھە دېگەندە خىرىسقا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنى چۈشىنىپ، ئىدىيە - قاراشلىرىمىزنى يېڭىلاش ئىرادىسىنى تىكلىسەك، ناھايىتى تېزلا ئېھتىياج-

لىق نەرسىلەرگە ئېرىشىشتىن باشقا، يېڭى يۆنىلىش، يې-
ڭى ئەمگەك ھېسابىغا يېڭى نەتىجە - ئۇتۇقلارنى قولغا
كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن ئىدى. ھالبۇكى، بىزنىڭ گۈزەل-
لىككە نىسبەتەن كۈچلۈك ئېتىقادىمىز ۋە چوڭقۇر مېھىر-
مۇھەببىتىمىز بار.

لېرمىنتوف: «مۇھەببەت خۇددى بىر ئوت، قالاپ
تۇرمىساڭ ئۆچىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقاندەك، ئۇ
بىزدىن ئۆزى ھەققىدە توختىماي ئىزدىنىشنى تەلەپ قى-
لىدۇ. ئەگەر بىز يېڭى نەتىجىلەر بىلەن جەمئىيەتكە
تۆھپە قوشۇپ تۇرمىغىنىمىزدا، ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىشقا
ھەرگىز مۇۋەپپەق بولالمايمىز، خۇشاللىق ۋە بەختىنىمۇ
مەھرۇم قالىمىز. گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىش ھوقۇقىغا
ئېرىشىش ئۈچۈن، روھىمىزنى مەڭگۈلۈك رىقابەتكە
ماسلاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇشىمىز زۆرۈر.

ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يېڭىلىنىشلارغا ماسلاشتۇرۇپ
تۇرمىغان ھايات مۇقەررەر ھالدا زاۋاللىققا يۈز تۇتماي
قالمايدۇ. گۈزەللىك ھەر دائىم بىزدىن بىر قەدەم يىراق-
لىقتا تۇرۇپ، ۋۇجۇدىمىزدىكى قانىنىڭ ئۇخلاپ قالما س-
لىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

قولدىن چىقىپ كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇش بىھا-
جەت. خۇددى بىر مەزگىلدىن كېيىن ھاياتمۇ ئۆلۈمگە
يۈز تۇتقاندەك، ئادەملەر تىرىكلىكىدىمۇ نۇرغۇن نەرسى-
لەرنى ئاللىقانداق سەۋەبلەر تۈپەيلى بىلىپ - بىلمەي

قولدىن چىقىرىپ قويىدۇ. بىز بارلىقىمىزنى بېغىشلاپ سۆيگەن گۈزەل نەرسىلەرنىڭ كۆتمىگەندە بىردىنلا خۇ-نۈكلىشىپ كېتىشى، ئىستىقبالىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بە-زى ياخشى پۇرسەتلەرنىڭ بىزگە مەنسۇپ بولماي قېلىد-شى، ئېرىشكەن خۇشاللىقلىرىمىزنىڭ بىردەمدىلا دەرد-ئەلەم بىلەن ئالمىشىشى، كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغان مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەختنىڭ كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بەرباد بولۇشىغا ئوخشاش، ئاچچىق قىسمەتلەرگە دائىم دېگۈدەك دۇچ كېلىپ تۇرىمىز.

تۇرمۇشىمىز مەڭگۈ ئېرىشىش بىلەن يوقىتىشنىڭ نىسپىيلىكىدە داۋام قىلىدۇ. بەزى نەرسىلەرگە نىسبە-تەن مەيلى بىخۇدلۇق، بىخەستەلىك قىلغان، مەيلى قاند-چە تىرىشقان بىلەنمۇ يەنىلا قولدىن چىقىرىپ قويغان بولايلى، ئىشقىلىپ، قولدىن چىقىپ كەتكەن نەرسىنى ھەرگىز قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. تەبىئىيكى، قولىمىز-دىن چىقىرىپ قويغان ئاشۇ نەرسىلەرگە ئۆز ۋاقتىدا چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتىمىز، ئارزۇ - ئۈمىدىمىز، ئېتىد-قاد - ئىشەنچىمىز، ئىجتىھات - مېھنىتىمىز بەخشەندە قىلىند-غان. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر ئىلكىمىزدە بولغىنىدا، ھەقىقە-تەنمۇ ھاياتلىق قايىنىمىدىكى «غالىب»لارغا ئايلىنىپ قېلىد-شىمىز مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇس، تۈنۈگۈنلەرنى كۈنگە ئۇلاپ قانچە ھەسرەت چەكسەكمۇ، ياش تۆكۈپ ئۆكسۈنسەك-مۇ، ھەتتا ئۆزىمىزنى ئۆلتۈرۈۋالساقمۇ ھەممىسى بەرىبىر

بولۇپ، قولدىن چىقىپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ئىلكىدىمىزدىن كەتكىنى كەتكەن. چۈنكى، ھەرقانداق نەرسە پەقەت بىرلا قېتىم بولىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىقى ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بۇ خۇددى سوقراتنىڭ: «ئادەم ئېقىن سۇدىن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى قېتىم ئۆتەلمەيدۇ» دېگىنىگە ئوخشاش ئىش. ئەگەر قولدىن چىقىپ كەتكەن نەرسە ئۆچۈن ئۆزىمىزنى ئۇۋاپ يۈرۈۋېرىدىغان بولساق، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ، روھىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز - دە، ئېرىشىشكە تېگىشلىك ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نەرسىلەرنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىمىز. ھاياتنىڭ شۇنداق بىر قانۇنىيىتى باركى، ئۇ بولسىمۇ ساگا مەنسۇپ نەرسىنى باشقىلار تارتىۋالالمايدۇ. باشقىلارغا مەنسۇپ نەرسىنى سەن ئىگىلىۋالالمايسەن. ئەگەر راستىنلا شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدىغان بولسا، چوقۇم تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ تۇرۇشۇڭغا، يوقاتقان نەرسىلىرىڭگە قارىتا ۋاز كېچىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، ئىككىنچى نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرمىشىشىڭنى، روھىڭنى يېڭى يۈنىلىشكە يۈزلەندۈرۈشۈڭگە توغرا كېلىدۇ.

پاكلىق، سۆيگۈ، ھوقۇق، پۇرسەت، پۇل... دېگەندەك نەرسىلەر قانچە جەلپكار ۋە سۆيۈملۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنداق ياكى بۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ساڭا نىسبەتەن ئۆز رولىنى يوقىتىپ، چەكسىز ئازاب

دېڭىزنىغا غەرق قىلىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، سەن ئۇلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاز بەدەل تۆلىمىگەن. بىراق، شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۇ دۇنيادا بىر ئادەمنىڭ ھايات مۇساپىسىدە ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. مەيلى ئېرىشكىن، مەيلى يوقاتقىن، ھەرقانداق ئەھۋالدا خۇدۇڭنى يوقىتىپ قويمىغىن. بىرگە ئېرىشىپ، بىرنى يوقىتىپ قويۇشۇڭ، بىرنى يوقىتىپ بىرگە ئېرىشىشىڭ مۇمكىن. مانا بۇ — ھايات.

ھاياتىمىز ئىنتايىن قىسقا بولسىمۇ، بىز ھامان چەكسىزلىككە ئىنتىلىپ ياشايمىز. دەل شۇ سەۋەبتىن «قۇياش» بولالمىساقمۇ بىر «يۇلتۇز»، ھېچبولمىسا بىر تال «سەرەڭگە» ياكى «چوغ» بولۇش پۇرسىتىگە ئىگىمىز. شۇڭا، سوغۇققانلىق بىلەن يېڭىدىن- يېڭى نىشان- مەنزىللەرگە قاراپ توختاۋسىز ئىلگىرىلەۋېرىمىز. ھاياتتا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىمىز بارلىق مەۋجۇداتلارنى چۈشىنىش ئاساسىدا ھاسىل قىلغان بىلىمىمىزدىن كەلگەن. پەقەت ھاياتىي كۈچىنى ئەبەدىي يوقاتمايدىغان، ھەرقانداق ئەھۋالدا نىشانىمىزغا قاراپ مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرەلەيدىغان بىلىملا بىزگە ئاخىرغىچە يۆلەك بولىدۇ. شۇنداق، بىزنىڭ ئەقىل- پاراسىتىمىز ھاياتتا بولغان چەكسىز ئېتىقاد ئەمەلىيىتى داۋامىدا نۇرلىنىپ باردۇ ۋە يولىمىزنى يورۇتىدۇ. ئۇنى يوقاتمىساقلا، ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرگە يەنە ئېرىشەلەيمىز

ھايات شۇ قەدەر قىزغىن ۋە ئۈمىدۋارلىققا تولغان. بىزگە مەنسۇپ بولمىغان نەرسە ئۈچۈن قايغۇرماي، يېڭى ئۈمىد يولىدا جۇشقۇن روھ بىلەن ئىزدەنسەكلا، ئۇ ھەرگىز نائۈمىد قويمايدۇ. ئەمما، بىز ھېچنېمىنى ئېلىپ كېتەلمەيدىغان ئۇ دۇنيا سەپىرىگە ئاتلانغاندا، ئىلكىمىزدىكى نەرسىلەرنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھاياتقا نىسبەتەن مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئويغىتالىساقلا، بىر ئىنسان ئېرىشىشكە تېگىشلىك بارلىق نەرسىگە، جۈملىدىن چەكسىز بەخت ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا مۇشەررەپ بولىمىز. شۇڭا، قولىمىزدىن كەتكەن نەرسىلەرگە قايغۇرماي، ئالدىمىزغا قاراپ ياشايلى!



# مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئادەم

ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى نەچچە 10 مىڭ خىلدىن ئاشىدىكەن. ئەمما، ئارىمىزدا بۇلارنى كۆرۈش تۈگۈل، ئۆمۈر بويى دېگۈدەك كىتاب ئوقۇغانلاردىنمۇ 100 ئۆسۈملۈكنىڭ نامىنى بىمالال دەپ بېرەلەيدىغانلار تولىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا يەنە سىزدىن بىرەرسى قەدىمدىن ھازىرغىچە دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن 100 مەشھۇر شەخسنىڭ ئىسمىنى سوراپ قالسا، دۇدۇقلىماي ۋە كىتاب ئاختۇرماي تولۇقى بىلەن ئېيت- تىپ بېرەلىشىڭىز ناتايىن. بەزىدە بۇ ئىشلار كاللامغا كې- رىۋالسا، ھەقىقەتەن ھەيران قالاتتىم. ئەمما، يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بۇنىڭ ناھايىتىمۇ ئاددىي ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدىم. يىللار ئادەمگە نۇرغۇن نەرسىلەر- نى بىلدۈرىدىكەن. كىچىككىنە كۆچەتنى قار- يامغۇر، تومۇز- ئىسسىق ۋە زىمىستان قىش قوينىدا تاۋلاپ مېۋى- لىك ياكى مېۋىسىز بولسۇن، چوڭ دەرەخكە ئايلاندۇر- دىكەن. ئادەمنىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ھاياتنىڭ تۈرلۈك جاپا- مۇشەققەتلىرى ۋە ئىسسىق - سوغۇقلىرىغا پىشۇرۇپ، بەزىسىنى مېۋىلىك دەرەختەك ھىممەتلىك، بەزىسىنى مەزمۇت لىم - تۈۋرۈكتەك مىمارچىلىقتا كې-

رەكلىك، يەنە بەزىسىنى بولسا زېمىنغا يۇلۇك قىلىپ يېتىش-تۈرۈپ چىقىدىكەن. بۇ يەردە شۇنداق بىر ئوخشاشلىق باركى، بىز تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆز نەتىجە - تۆھپىلىرى بىلەن ئۆچمەس نام ئالغان كىشىلەر، شۇنىڭدەك بىز بىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەرمۇ كىشىلەر شېرىن مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئانار، ئالما... دېگەندەك مېۋىلىك دەرەختۇر. كىشىلەر مېۋىلىك دەرەخنى ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرۈپ، ئاسراپ، كۆيۈنۈپ پەرۋىش قىلىپ، باغ بەرپا قىلىدۇ. ئادەملەر ئارىسىدىكى ھاياتنى يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن مۇرۇۋۋەتلىك كىشىلەرنى بولسا قەلب ئاسمىنىدا چولپاندەك چاقنىتىپ ھۆرمەتلەيدۇ، يادلايدۇ ھەمدە ئۆز ھاياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئۈلاردىن ئۈلگە ئالىدۇ. ئەجىر - تۆھپىسى ئالەمشۇمۇل ھايات ئىگىلىرى شۇ ۋەجىدىن ئەبەدىي يادلىنىدۇ. ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەتتە ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەملەر پەقەت مېۋىلىك دەرەخكە، مۇناسىپ قىممەت(تۆھپە، نەتىجە، كەشپىيات) ئىگىسىگە ئايلىنالىغاندىلا، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئەسلىشىگە نائىل بولالايدۇ. ھاياتىدا كۆزگە چېلىقىقۇدەك ئىش قىلمىغان ئادەمنى ئەلۋەتتە ھېچكىم تونۇمايدۇ. بۇ، ھايات ئۈچۈن ناھايىتىمۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتتۇر. بىراق، چوڭ نەتىجىلەر نىسپىي بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزدىكىنىڭ ئادىمىلىك بۇرچىڭىزنى ئۈنتۈپ قالمىسىڭىز

(بۇمۇ ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئە-مەس)، ھەر ئىككى دۇنيادا ۋىجدان ئازابى تارتمايسىز.
باشقىلارنىڭ ئەسلىشىگە ئەرزىگۈدەك ياشاش ئۈ-چۈن، تەبىئەت نېسىپ ئەتكەن ھاياتلىق ئىقتىدارىمىزنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، باشقىلارغا بىزنى ئەسلىگۈدەك نى-شانە قالدۇرايلى. مېۋىلىك دەرەخ ۋە ھىممەتلىك ئادەم-لەرنى تونۇشىمىز، ئەكسىچە بولغانلارنى ئەسكە ئالالمى-غانلىقىمىز، ئەلۋەتتە، ھاياتنىڭ قىممىتى بولۇش- بولماس-لىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك!



# سۆيمەك ئاسان، كۆيمەك تەس

بىز ئۆز ۋاقتىدا ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ
يۈرگەن، يۈرگەندىمۇ باشقىلارنىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك
دەرىجىدە ئىززەت- ھۆرمىتىمىزنى ساقلاپ، بىر- بىر-
مىزگە قېرىنداشلارچە كۆيۈنۈپ، ھال- ئەھۋالىمىزغا يې-
تىپ، تۇرمۇش يولىنى قول تۇتۇشۇپ باسقان ئىدۇق.
قايسى كۈنكىن، ئۇزاق مەزگىللىك ئايرىلىپ تۇرۇش نە-
تىجىسىمۇ بىلمەيمەن، ئىككىمىز پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەت-
تۇق. مېنىڭچە، بۇنىڭغا ئاساسلىقى ئۇنىڭ ۋاقىت ۋە ئا-
رىلىق، بەخت ۋە ئىستىقبال مەسىلىسىدە رېئاللىق بىلەن
ھېسابلاشقانلىقى سەۋەب بولدى. دېمەك، ئۇنىڭچە مۇ-
ھەببەتنىڭ، يەنە كېلىپ ئۆز مۇھەببىتىنىڭ رېئاللىق ئە-
كەنلىكىنى ئىنكار قىلالىغان يۈرەك ھەققىدە ئارتۇقچە
مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. مۇھەببەت
رېئاللىق بولمىسا، ئەلۋەتتە، پۇل، شۆھرەت، باياشات
تۇرمۇش، كۆڭۈل رايىنى ئۆز ئەھۋالى ۋە ئورنىغا قاراپ
بەلگىلەش... رېئاللىق بولىدۇ- دە!

ئۇنىڭ بىلەن تالاي قېتىم سۆيۈشكەن، ھەر قېتىم
لەۋلىرىمىز جۈپلەشكەندە، ھاياتتىكى بەخت قوينىغا قاي-
تا بىر قېتىم، ياق- ياق، مىڭ قېتىم تۇغۇلغاندەك ھېسسى-

ياتتا بولغان. ئەمما، بۇ سۆيۈشۈشلەر بىزنى بۈگۈنكى جۇدالىقتىن توسۇپ قالالمىدى. مۇھەببىتىمىز خۇددى بىر شېرىن چۈشتەك ئاخىرلاشتى. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشەندىمكى، ھاياتتا بىرسىنى سۆيۈش مۇمكىن ئې-كەن، ئەمما كۆيۈش ھەركىمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەي-دىكەن. شۇڭا، ئادەم تۇرۇپ رىۋايەتلەردىكى قېقنۇسقا ھەۋەسلىنىپ چوقۇنۇشىمىز تەبىئىي ئىش. مۇھەببەتكە نىسبەتەن رېئاللىق چۈشەنچىمىزنىڭ سۇسلۇقىمۇ شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.



# تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئال

مائارىپ بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋە پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، پەن-مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەڭگۈلۈك خاراكتېر ئالغان بولىدۇ. جەمئىيەت ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن تەرەققىي قىلىدۇ ۋە بۇ خىل تەرەققىياتتا پۈتۈنلەي مائارىپقا تايىنىدۇ. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە جەمئىيەتنىڭ مائارىپقا(مائارىپنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، مەزمۇنى، شەكلى ۋە ئۇسۇلىغا) قويىدىغان تەلىپى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ ئوبيېكتىپ تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ ۋە بېيىپ بارىدۇ. ھەرقانداق بىر دۆلەت ۋە مىللەت رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك مائارىپ ئەندىزىسىنى تۇرغۇزۇش، بەرپا قىلىش بولسىدا پائال ئىزدەنمەكتە. چۈنكى، مائارىپ ۋە جەمئىيەتنىڭ تە-

رەقىياتى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان
ھەربىر ئادەم ئۈچۈندۇر.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە
تەرەققىي قىلىشى، بىلىمنىڭ كونىرىشىنىڭ تېزلىشىشى،
ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ كۈنسېرى ئىنچىكىلەپ
بېرىشى، ھاياتلىق مۇھىتىنىڭ تارىيىشى، ئىجتىمائىي،
تەبىئىي بايلىقلارنىڭ تېز سۈرئەتتە خوراپ بېرىشى قا-
تارلىق ئامىللار مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ كۆلىمى، سۈرئى-
تى، مائارىپنىڭ قۇرۇلمىسى، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈ-
رۈش ئۆلچىمى، دەرسلىك مەزمۇنى، ئوقۇتۇشنىڭ ئۇ-
سۇل ۋە ۋاستىلىرى، تەشكىلىي شەكلىگە قارىتا مىسلى
كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جىددىي تەلەپ قويماقتا. مائارىپ-
نىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان تەڭداشسىز
رولى بارغانسېرى ئېنىق گەۋدىلىنىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت-
نىڭ زۆرۈرىيىتىگە ئايلانماقتا.

دۇنيا مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مائارىپ ئىسلا-
ھاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازادلىقىنى تې-
خىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانلار تۇرمۇشىنى يېڭى يۆ-
نىلىشكە باشلىماقتا. ھالبۇكى، مائارىپنىڭ بۈگۈن بىلەن
بولغان ئارىلىقىنىڭ چەكسىز قىسقىرىپ بېرىشى نەتىجى-
سىدە دەۋرنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدى-
غان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۇنىڭ بىردىن-
بىر ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. ۋاقىت، سۈرئەت ۋە قىم-

مەتىنىڭ بىر دەكلىشىپ بېرىشى مائارىپ مەھسۇلاتلىرد-
ىنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىد-
شىنى تەلەپ قىلماقتا. مائارىپنىڭ بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىد-
سى ئاخىرقى ھېسابتا تەلىم - تەربىيە خادىملىرى بولغان
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھې-
سابلانغان مائارىپ تەرەققىياتى مۇقەررەر ئۆز ئەمەلىيلەش-
تۈرگۈچىلىرى بولغان كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر تە-
رەپلىمە ئىقتىدار ۋە ساپا يېتىلدۈرۈشىگە باغلىقتۇر. مائا-
رىپنىڭ مەقسەت، ۋەزىپىسى ۋە جەمئىيەتتىكى رولىنىڭ
قانچىلىك يۇكسەك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى رېئال-
لىققا ئايلاندۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئو-
قۇتقۇچىلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىردىنبىر ھەل
قىلغۇچ ئامىل ھېسابلىنىدۇ. زامانغا لايىق ئىختىساس ئە-
گىلىرىنى تەربىيىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە، يۇقىرى ساپا-
لىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ بولۇشى بىر دۆلەت، بىر
مىللەت مائارىپىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ قۇد-
رەتلىك كاپالىتىدۇر.

ھازىر ئېلىمىزدە، جۇملىدىن رايونىمىزدىمۇ جەمئى-
يەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى بىر مائارىپ
ئەندىزىسى — ساپا مائارىپى يولغا قويۇلماقتا. ئەمما، تەر-
بىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى كۆزدە تۇتۇش
ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يېتىلدۈرىد-

غان بۇ خىل مائارىپنىڭ ئومۇملىششى مۇھىت، ئىدىيە، ئىقتىساد، تۈزۈم ۋە باشقا تۈرلۈك رېئال ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، مىللەتنىڭ نۆۋەتتىكى روھىي ۋە پسىخىك ساپاسى، جىسمانىي، ئەقلىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بىزگە ساپا مائارىپىنى تېزدىن ئومۇملاشتۇرۇش تەلىپىنى قويىدى. دەرۋەقە، ساپا مائارىپىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش ئۈچۈن، مەكتەپلەر ۋە مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىدا يىراقنى كۆرەلەيدىغان يۇقىرى ساپالىق رەھبەرلىك قۇرۇلمىسى، سەرخىل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى، زېھنى ئۆتكۈر ئوقۇغۇچىلار مەنبەسى، مۇنتىزىم ئوقۇتۇش شاراپتى، ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپىگە ھەقىقىي ئۇيغۇن كېلىدىغان سىستېمىلىق دەرسلىك - ماتېرىيال، توغرا مائارىپ سىياسىتى، مۇكەممەل ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قاتارلىقلار بولۇشى زۆرۈر. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ھازىرلاشقا بولىدىغان شەرتلەر ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپا مائارىپى بىر خىل جانلىق مائارىپ ئەندىزىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەربىر مائارىپ خادىمىدىن تەخىرسىزلىك بىلەن يول ئىزچىل ئالغا ئىلگىرىلەپ، شارائىت يارىتىپ، تەرەققىياتقا ماسلىششىنى تەلەپ قىلىدۇ.

كۈتۈش — شاللىنىش ۋە ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدۇ، بولۇپمۇ رىقابەت ئارقىلىق ئىش ئورنىغا چىقىش

ئەمدىلا باشلىنىۋاتقان شارائىتتا، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار سا-پا مائارىپىنىڭ تەلپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، جەزمەن ئۆزىنى ھەر تەرەپلىمە تەربىيىگە ئىگە قىلمىسا، ئىزدى-نىپ، يېڭىلىق ياراتمىسا بولمايدىغان كەسكىن ۋەزىيەت-كە دۇچ كەلدى. بۇنى ھەربىر ئوقۇتقۇچى يەكدىللىق بى-لەن تونۇپ يېتىشى كېرەك.

ھازىر ئوقۇ-ئوقۇتۇش، تەربىيىلەش ۋە تەربىيىلى-نىش بىر خىل ئىستىخىيىلىك پائالىيەت بولۇشتىن رىقا-بەتلىك جەڭگە ئايلاندى. تەربىيىلىگۈچىمۇ، تەربىيىلەن-گۈچىمۇ ئوخشاشلا ئۆگىنىدىغان ۋە رىقابەتلىشىدىغان ئەھۋال مائارىپنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، تەربىيىلەنگۈچى ئەڭ ئالدى بىلەن جەم-ئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ساپاسى يۇقىرى، يارام-لىق ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلىنىش ئارقىلىق، جەمئىيەت-تە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشتا جەزمەن ئۆگىنىش رىقابىتىگە تەخىرسىز ھالدا قاتنىشىشى كېرەك. تەربىيى-لىگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەلەپ تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ، جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-لىرىنى يېتىشتۈرىدىغان بۇنداق شەرەپلىك ئورۇننى ساقلاپ قېلىشتا شەك-شۈبھىسىز رىقابەتكە قاتناشماي بولمايدۇ.

بىرىنچىدىن، ئۆز ئورنىنى تىرىشىپ ساقلاپ قې-لىش؛ ئىككىنچىدىن، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۇنۇملۇك ئادا قى-

لىشنى رېئاللاشتۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ھارماي - تالماي ئىزدىنىش، بىلىمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، رىقابەتچىلىرد- دىن ئۆتۈپ چىقىشقا كېرەكلىك ساپا ۋە ئىقتىدارنى تېز- دىن ھازىرلاش كېرەك. پۇرسەت ساقلاپ تۇرمايدۇ، تە- رەققىيات بىلەن رىقابەت رەھىم قىلمايدۇ. كۈتۈش ئا- خىرقى ھېسابتا شاللىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ. نۆۋەتتىكى بىردىنبىر چىقىش يولى ئۆزىنى يېڭىلاش، يېڭىلىق يارد- تىش روھىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

ھازىر ئوقۇتۇش بىر خىل رىتىمدىكى مېخانىك ھە- رىكەتكە ئايلىنىپ قالغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەت تەلىپىگە لايىقلىشىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇ- گا، ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلالماسلىق، ئىش ئورنى تاپالماسلىق ياكى ئەمەلىي قىممەت يارىتالايدىغان ئىقتى- دار يېتىلدۈرەلمەسلىك، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش- نىڭ تاللىشىغا دۇچ كېلىش مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا نىس- بەتەن زور ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالدى. مائارىپ قوشۇنىمىزدا ساپاسى تۆۋەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپ بولۇشى بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبتۇر. ھالبۇكى، باشقىلارنى ياراملىق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇتقۇچىلار چوقۇم ئۆزد- نى يېڭىلاپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ تۇرۇش بىلەنلا قال- ماي، بىلىم، پەزىلەت، كەسىپ، ئىدىيە جەھەتتىكى سا- پاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىقتىدارىنى

ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە جانلىق تەتبىقلىنىشى كېرەك. چۈنكى، ئادەم تەربىيىلەش كۆپ كۈچ ۋە ھەر تەرەپلىمە بىلىم تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق خىزمەت. بىر ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوقۇتۇش مېتودى، ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش، ئوقۇتۇش ماھارىتى، بىلىم قۇرۇلمىسى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش پوزىتسىيىسى، بىلىم يەتكۈزۈش، ئوقۇتۇش قوراللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، يېتەكلەش، قوزغىتىش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوبيېكتىنىڭ تەلىپىگە يارىشا ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ، ئەمەلىي نەتىجە يارىتالايدىكەن، ئۇ ھالدا ئوقۇتۇش ئۆلۈك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، مۇئەييەن ۋىجدان تۇيغۇسىغا ئىگە ھەربىر ئوقۇتقۇچى بۈگۈنكى كۈندە ئەجدادلىرىمىزنىڭ «بىلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئال» دېگەن ھېكمىتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، قولىغا تاپشۇرۇلغان تەربىيىلەنگۈچىلەرنى مۇناسىپ قىممەت يارىتالايدىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ھەقىقىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، تەپەككۇر قىلىش، ئۆز-ئۆزىنى يېڭىلاپ، يېڭىلىق يارىتىش مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ مۇقەررەر تەلىپىدۇر.

# ھەممە ئىش ئۆزىمىزگە باغلىق

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ جەننەت-تىن قوغلىنىشى، يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلۈپ، جاپا- مۇشەق-قەت چېكىش ئارقىلىق ئۆز رىزقى- نېسىۋىسىنى ۋە بەخت- خۇشاللىقلىرىنى تېپىشقا مەجبۇرلىنىشى پۈتۈن-لەي ئۆزلىرىنىڭ سەۋەبىدىن ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە لوت قوۋمىنىڭ، فىرئەۋن قوشۇنلىرىنىڭ ھالاك بو-لۇشى، ھەتتا توپان بالاسى پاجىئەلىرىدىن تارتىپ گىت-لېر، ناپالېئونلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگىچە ھەممىسى-نى ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئى-كەن. بۇنى ئۆزىمىزگە تەتبىقلىساق، ھەربىرىمىز كۆرۈ-ۋاتقان ياخشى- يامان ئاقىۋەتلەر، تېگى- تەكتىدىن ئېيت-قاندا قىلغان- ئەتكەنلىرىمىزنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئالايلۇق، سەن ياخشى ئۆگەنمىگەنلىكىڭدىن ئىمتى-ھاندىن ئۆتەلمىسەڭ، خىزمەتتە تىرىشماي، سەۋىيە- ساپا-يىڭنى ئۆستۈرمەسلىك تۈپەيلى ئىش ئورنىدىن قالدۇ-رۇلساڭ، بىخەتەرلىك ۋە سالامەتلىكىڭگە سەل قاراپ، كۈتۈلمىگەن ھادىسە ياكى كېسەللىكلەرگە دۇچار بول-ساڭ، بۇنى كىمدىن كۆرۈشۈڭ كېرەك؟ ئەلۋەتتە، ئۆ-زۈڭدىن كۆرمەي ئامالىڭ يوق! ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىش-

لىنىڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماي، باشقىلاردىن ئاغرىنساق مۇتلەق بولمايدۇ. ھەركىم ئۆز قىلمىشىغا ئۆزى ئىگە ئىكەنلىكى ناھايىتىمۇ ئاددىي بىر ھەقىقەت.

مۇكاپات سەھنىلىرىدە مەيدىلىرىگە گۈل تاقىغانلارغا، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغانلارغا، سودىدا روناق تېپىپ مىليونېر بولغانلارغا، ئايروپىلان، پويىزلارغا چىقىپ جاھاننىڭ تەرەپ- تەرەپلىرىگە سەيلە - ساياھەتكە كېتىۋاتقانلارغا، ئاددىي ئىش ئورنىدا شانلىق تۆھپە ياراتقانلارغا، تۇرلۇك ئىمتىھانلاردىن ئەلا نومۇر بىلەن ئۆتۈپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلارغا، چەت ئەل تىللىرىنى ئىگىلەپ، ئۆز غايىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇۋاتقانلارغا، رىقابەت سەھنىسىدە پۇت تىرەپ راۋۇرۇس تۇرۇۋاتقانلارغا سەپسىلىپ قارا، ئۇلارنى ھېچقانداق كۈچ بۇنداق ئورۇنغا نائىل قىلىپ قويمىغان. ئۇلار ھاياتتىكى ئېرىشىش ۋە يوقىتىشنىڭ كۆپىنچە ئۆزلىرىنىڭ سەۋەبىدىن بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ساھىبى بولالىغان. غەيرىي تەمە ۋە ساماۋى خىياللار ئۇلاردىن يىراق، ئۇلار «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى» دېگەن ھېكمەتنى ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ قىبلىنامىسى قىلغانلاردۇر.

شۇنداق، قايسىدۇر بىر ئالىمنىڭ ئېيتقىنىدەك: «بىز ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەل-

مەيمىز.» بەلكى پۈتۈنلەي ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ھا-
ياتىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا،
ھاياتلىق يولىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بىز ئېرىشىۋاتقان
ۋە يوقىتىۋاتقان نەرسىلەر دەل ھاياتقا قانداق مۇئامىلە
قىلغانلىقىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاسانلا
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سىناقلارغا تولغان بۇ ھاياتلىق ئا-
لىمى سېنىڭ ياشاش ئىقتىدارىڭ، ياراتقان قىممىتىڭ-
نىڭ قانچىلىكلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. زىرائەتلەرنىڭ
شۇ يىلى ھوسۇل بېرىشى، دەرەخلەرنىڭ بىر قانچە يىلدا
يېتىلىپ مېۋىگە كىرىشى... تەبىئىي قانۇنىيەت. ئەمما،
ئادەمنىڭ يېتىلىشى، تۆھپە يارىتىشى، ھاياتلىق بېغىنى
خۇش پۇراق گۈل، شېرىن مېۋىلەرگە توشتۇرۇشى پۈ-
تۈنلەي ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۇ تاشقى ئامىللاردىن كۆ-
رە، كۆپرەك ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە باغلىق. بۇنىڭدا بىز ئۆ-
زىمىزدىكى جارى قىلدۇرۇش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بار-
لىق يوشۇرۇن ئىقتىدار ۋە پۈرسەتلەردىن ماھىرلىق بى-
لەن پايدىلىنالىساق، ئۇ ھالدا ئۆز نىشانىمىزغا يېتىشكە
مۇۋەپپەق بولالايمىز. ئەگەر ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارى-
ساق، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مەغلۇبىيەتلىك ھا-
يات ئىگىلىرىگە ئايلىنىمىز. ھاياتنىڭ ھېچقاچان ئالدىن
بەلگىلەپ قويۇلغان قائىدە - پرىنسىپلىرى بولمايدۇ. پە-
قەت ھەربىر ھايات ئىگىسىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا يا-
رىشا ئۆز غايىسىنى چىقىش قىلغان بىرىيۈرۈش قائىدە-

پرىنسىپلىرى بولىدۇ ۋە بولۇشى كېرەك. نېمە قىلىش مەسىلىسىدە قايمۇقۇپ يۈرۈش يارىمايدۇ. سەپ سىلىپ قارىساق، ئەتراپىمىز سان - ساناقسىز ئۆلگىلەر بىلەن تولغان. بىز ئاشۇ ھاياتلىق يۇلتۇزلىرىنىڭ ئۆز ھاياتىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ھايات بىناسىنى قۇرۇپ چىقىش جەريانىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، قەلبىمىزدە ھا-ياتىمىزغا قارىتا مۇھەببەت ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزىدىكەنمىز، جەزمەن ئۆز ئەھۋالىمىزغا يارىشا ھايات پرىنسىپلىرىغا ئى-گە بولىمىز.

تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بول-غان ھەرقانداق مەغلۇبىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىققا نىسبە-تەن توغرا مۇئامىلىدە بولۇش بىزنى يېڭى مەغلۇبىيەت-تىن ساقلاپ قالىدۇ. ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ، يۈز بېرى-ۋاتقان ئىشلارنىڭ ياخشى - يامىنىدىن ئىبرەت ئېلىشى ئىنسانلاردىكى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئەتراپىمىزدىكى ھاياتلىققا نىسبە-تەن يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولۇپ، ئۇنى ھايات يول-مىزنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئىدىيىۋى قورالىغا ئايلاندۇ-رالىساق، ھەرقانداق يامان ئاقىۋەتنى ئايانماي قوبۇل قى-لىۋەرسەك بولىدۇ، بولۇپمۇ ھازىرقى دەۋردە تېخىمۇ شۇنداق.

ھەربىر ئادەم ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى نامايان قى-لىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان نۆۋەتتىكى رىقابەت قاينىمىدا،

بىز تەقدىرىمىز ھەققىدە ئۆزىمىزنى ئەيىبلىمەي ۋە ئۆزـ
مىزنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سىرتىدا قويۇپ، ئاللىـ
قانداق سەۋەبلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىمىز. قۇياش
يەنە شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىۋاتىدۇ. يەر شارىنىڭ
تېزلىكى قەدەملىرىمىزنى نەچچە قاتلاپ، ئۆز يولىنى داـ
ۋام قىلىۋەرمەكتە. ناھايىتىمۇ ئېنىقكى، تاللىنىش ۋە شالـ
لىنىش ئۆزىمىزگە باغلىق بولۇپ قالدى. كەسكىن ۋەزىـ
يەتكە قانداق پوزىتسىيە تۇتايلى، ئاچچىق رېئاللىق بىزـ
نى كۈتۈپ تۇرماقتا.

دەرۋەقە، بەزىلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ باشقىلار بىلەن
ئوخشاش ئادەملىكىمىزنى ناھايىتى كۆپ تىلغا ئالىمىزـ
يۇ، باشقىلار قىلالىغاننى مەنمۇ قىلالايمەن ياكى قىلالىـ
دىم، باشقىلار ئېرىشكەن نەرسىلەرگە مەنمۇ ئېرىشەلەيـ
مەن ياكى ئېرىشتىم دېگەن سۆزلەرنى ھەرگىز قىلالمايـ
مىز ياكى قىلىشقا تىلىمىز كۆيىدۇ. باشقىلارنىڭ شادىـ
مان كۈلكىلىرى، ئېرىشكەن نەتىجىلىرىگە كۆزىمىزنى
پارقىراتساقمۇ، ئىچىمىز ئېچىشسىمۇ بەربىر، ئۇلارنىڭ
ئېرىشكىنى ھەرگىزمۇ بىزگە نېسىپ بولۇپ قالمايدۇ.
چۈنكى، پەملىك زېرەكلەر ئۆزى سەۋەب قىلىپ، «سېـ
ۋەتتە سۇ» توختىتىدۇ. بىخۇدلۇق قىلغانلار پۇرسەتنى
قولدىن بېرىپ قويىدۇ. بىزدە «كىشىنىڭ جۇۋىسىدا
تەرلىگىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپ بار. ئەستايىدىل
ئويلانساق، بۇنىڭ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغانلىقىنى چۈشىـ

نىمىز. كىشىدىكى نەرسە، ئەلۋەتتە، بىزگە ئەسقاتمايدۇ. ئەسقاتقان تەقدىردىمۇ قەرزدار بولىدىغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاياتلىق ئېقتىدارىنى قەرز ئېلىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن ؟!

مەن ئەينى يىلى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئۆتەلمىگىنىمدە قىلچە مەيۈسلەنمەي، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئېسىمدە ساقلاپ تىرىشىپ ئۆگەندىم. ئەمما، ئىمتىھانغا ئازلا قالغاندا، كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ ئوقۇشتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇم. شۇنداقتىمۇ ئوقۇش ئىرادەمنى بوشاشتۇرماي، بىر تەرەپتىن داۋالىنىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگەندىم. تۆت يىلدىن كېيىن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم. ئالىي مەكتەپ ھاياتىم باشلىنىپ مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن، ئوقۇشلا ھەممە ئىشنىڭ پۈتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدىم. ئۆتۈلگەن دەرسلەرنىلا ئۆگىنىپ، خەنزۇ تىلى، چەت ئەل تىلى، كومپيۇتېر ئىلمى قاتارلىق ئۇچۇرغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئىگىلەشكە، شۇنداقلا ئۆگەنگەنلىرىمنى ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئايلاندۇرۇشقا سەل قارىغانلىقىم سەۋەبىدىن، ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدىم. بىر ستودېنت جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولىدىكەن، ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم قويغىنىدىن تارتىپ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلىشى، ئۆزىگە ئۆزى

ئوقۇش پۈتكۈزۈش شاھادەتنامىسىنى بىرەلەيدىغان ئىقـ-تىدار ۋە ساپا ھازىرلىشى كېرەك ئىكەن. مېنىڭ ئېرىـش-كەن ۋە يوقاتقانلىرىمغا قانداقتۇر باشقىلار ئەمەس، بـەل-كى ئۆز- ئۆزۈمگە تۇتقان مۇئامىلەم سەۋەب بولـدى. ئەت-راپىمىزغا نەزەر سالساقمۇ، بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى مـائا-رىپقا سەرپ ئەتكەن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار، كەشپىيات-چىلار، ئالىملار، ئەدىبلەر، بېيىغان دېھقـانلار، مـەرىـپـەت-پەرۋەر سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتـنـىـڭ ئوخ-شاشمىغان قاتلاملىرىدا يۈلتۇزدەك چاقناپ، ئۆزىگـە مـۇ-ناسىپ قىممەتلەرنى ياراتماقـتـا. ئۇلاردىـكـى غـەيـرەت - جاسارەت ۋە ھاياتقا بولغان ئېتىقاد، يۈكسەك پرىنسىـپـال-لىقتىن ئۈلگە ئالماي، نام - نىشانسىز ئۆتـۈپ كـېـتـىـۋات-قانلار ئوتتۇرىدىكى روشەن پەرقنى چۈشىنىشى كېـرەك. شۇ چاغدىلا، بايا ئېيتقىنىمىزدەك قىممەت ۋە قىممـەتـكـە ئېرىشىشنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا شەك كـەل-تۈرمەيدۇ.

تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشى ئەبەدىي ئۆزىمىزگـە باغلىق. ئەگەر ھاياتنىڭ قىممىتى ۋە لەززىتىگە ئېرىشىش-نى ئويلايدىكەنمىز، ۋۇجۇدىمىزدىكى بەخت- ئامەت دەر-ۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپايلى! ھاياتلىق يولىدىكـى بـار-لىق بەخت - ئامەت قۇلۇپلىرىنى بىر- بىرلەپ ئاچايـلـى! دۇنيادىن نام - نىشانسىز، شۇنداقلا خارلىق ۋە موھـتـاج-لىقتا ئۆتۈپ كەتمەي، تىگىشلىك نىسۋىمـىـزگـە ئېرد-

شىش ئۈچۈن تېگىشلىك كۈچ چىقىرايلى. ئىنسان بەھ-رىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھاياتلىق مەئىشەتلىرىدىن بىز مۇ بەھرىمەن بولايلى. بۇنداق ناھايىتىمۇ ئاددىي ھا-يات قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە پارس شائىرى سەئدى مۇن-داق دەيدۇ:

«ئەگەر ئاچقۇچ بولمىسا ئۆز قولۇڭدا،
بەخت- تەلەي بولماس ماڭغان يولۇڭدا.»



# مۇھەببەت مەڭگۈلۈك

سىلەرنىڭ ئىگە بولىدىغىنىڭلار مەڭگۈلۈك دەرىخى،
بويسۇندۇرىدىغىنىڭلار ھۆرلۈك ئالىمى.
– سان بېرنارد(ئىتالىيە)

جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئا-دەملەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا، شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىغا ۋە تەپەككۇرىغا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئادەملەر ئې-غىزلىرىدا ئەخلاق، دىيانەت ۋە ئادىمىيلىك توغرىسىدا توم- توم كىتاب بولغۇدەك گەپ ساتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۆزلىرىنىڭ نام - شەرىپى، مەنپەئىتى، مەنسەپ - ئابرۇ-يى، پۇل- ھوقۇقى خۇسۇسىدا چوت سوقىدۇ ھەمدە شۇلار ئۈچۈن ئۆلەر- تىرىلىشىگە باقماي چېپىشىدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلەر جاھاننىڭ بۇزۇلغانلىقى، ئادەم-لەرنىڭ ساختىلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ۋايسايدۇ. گېزىت-ژۇرنال، رادىئو- تېلېۋىزىيە، كىنو- تىياتىرلارمۇ ئەخلاق-نىڭ بۇزۇلۇشى، ئېتىقادنىڭ سۇسلىشىشى، مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ يوقىلىشى، كىشىلىكنىڭ گۇمران بولۇشى، ئې-كولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ساختىلىشىشى، ئېسىل ئەنئەنىلەرنىڭ

گۇمران بولۇشى، كىشىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئۆزىگە بولغان
مۇھەببەتتىن نادانلارچە ۋاز كېچىپ، گۇمراھلىقتا يۈز
تۇتۇشى ھەققىدىكى تەھلىل - مۇھاكىمىلەر، كۆزقا-
راشلار ۋە قاقشاشلارغا بەلگىلىك ئورۇن بېرىپ كېلىۋا-
تىدۇ. دېمىسىمۇ جەمئىيەتتىكى ئاينىشلارغا، كىشىلەر-
نىڭ ياشاش ۋە كۆزقاراشلىرىدىكى تەتۈرلۈكلەرگە قا-
راپ ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن دۇنيادىن رايى يېنىپ كېتىد-
دۇ، ھەتتا ياشىغۇسى كەلمەيدۇ. ئادەمنى تېخىمۇ ئەند-
شىگە سالىدىغىنى كۆپ قىسىم ياشلىرىمىزدىكى كىشى-
لىك قەدىر - قىممەت، ئىپپەت - نومۇس، ئىززەت- ھۆر-
مەت، ئەقىل- پاراسەت، ئەخلاق - پەزىلەت، ئەقىدە- ۋا-
پا، ئىجاد- مېھنەت تۇيغۇسى جەھەتتىكى «زامانغا لايىق
قاراش»لار ۋە يۈزلىنىشلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مە-
نىۋى تۇرمۇشىدا خۇددى رېئاكتىپ ماددىلار تەسىرىدە
يېتىلگەن غەلىتە مەخلۇقلاردەك يوغىناپ بېرىشىدۇر.

دەل شۇ سەۋەبتىن، ئاتا- ئانىغا ساداقەتمەن بو-
لۇش، ئىپپەت - نومۇسى بۇلغانسا ئۆلۈۋېلىش، سۆيگىنى-
گە ھەرقانداق چەكلىمە ۋە قىيىنچىلىقتا ئۇچراشتىن قەت-
ئىينەزەر ۋاپادار بولۇش، پاك ۋە سەمىمىي مۇھەببىتىنى
بېغىشلاش، قىزلار ئۇزۇن چاچ قويۇش، ئەتلەس كۆڭ-
لەك، دوپپا كىيىش، ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەش،
ئانا تىلىنى قەدىرلەش، ئاشلىقنى ئىسراپ قىلماسلىق، نا-
مەردلىك بىلەن بىر- بىرىنى ئالدىماسلىق، ئەل- يۇرت

ئۇچۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىش... كە ئوخشاش ئېسىل ئەنئەنىلەر كونىلىق سانىلىپ، ئادەم ئادەمگە ئىشەنمەيدىغان غەلىتە بىر خىل تۇرمۇش ئېقىمى باش كۆتۈردى. دۇنيادىن «ئىنسان» دېگەن شەرەپلىك نامنى ئاقلاپ ئۆتۈشنى خالايدىغان ھەربىر مەسئۇلىيەتچان ئادەم بۇ ئاچچىق رېئاللىق ئالدىدا ئۆكۈنمەي، ھەسرەتلەنمەي تۇرالمايدۇ.

نۇرغۇنلىرىمىز جەمئىيەتتە قانداقتۇر بىرەر يېڭى نەرسىنىڭ كېپىي چىقسىلا، نىجاسەتكە ئولاشقان چۈشىندەك سەزگۈرلىشىپ قۇلىقىمىزنى دىڭلاپ، باشقا مۇھىم نەرسىلەرنى ئۇنتۇشتەك ناچار ھايات خاھىشىغا ئىگە بولۇپ قالدۇق. شۇ ۋەجدىن، مەۋجۇتلۇق رىقابىتىدىكى مۇسابە بىز ئۇچۇن تېخىمۇ ئۇزىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلماقتا. ئەقىل - پاراسىتىمىزنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزسەك، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئاسانلا يېشىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بىزدىكى مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشىدۇر.

ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزسەك، ئىنسانلىق مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ قۇياشى بولغان مۇھەببەتنىڭ قەلبىمىزدىكى ئۇلۇغلۇق ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ بېرىشى ھەقىقەتەنمۇ بارلىق ئاينىش ۋە پاجىئەلىك قىسمەتلىرىمىزنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئەپسۇسلۇق

ئىچىدە ھېس قىلىمىز.

ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئىنچىكىلەپ بېرى-شى، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆز قىممىتىنى نامايان قى-لىشقا مەجبۇر بولۇشى ۋە بۇنداق زۆرۈرىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ رىقابەت ۋە كرىزىس جەريانىدا قىيىنلى-شىپ كېتىۋاتقانلىقى نەتىجىسىدە كىشىلەر ئۆز قەلبىدى-كى گۈزەللىك ئابىدىلىرى دەھشەتلىك بومباردىمانغا دۇچ كېلىۋاتقاندەك، بازار بارلىق گۈزەل ۋە مەڭگۈلۈك نەرسىلەرنى ئويۇنچۇققا. ھەتتا ئەرزىمەس خەس - چا-ۋارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغاندەك، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتنىڭ رىتىمى ئەمدى مۇشۇنداق داۋاملىشىدىغاندەك ھېسسىياتتا بولۇشتى. ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ كەڭ ئې-چىلىشى بىلەن ھاۋاغا قوشۇلۇپ كىرىپ كەلگەن چاڭ - توزانلار تەسىرىدە نۇرغۇن نەرسىلەر بۇلغاندى ۋە ئۆز رەڭگىنى يوقاتتى. ئادەملەر ئاڭلاشنى، كۆرۈشنى خالى-مايدىغان ئىشلار «ئېلان» ۋاراقلىرىدا تەشۋىق قىلىنىشقا باشلىدى. قىزىل پەردە سېلىش، ئەرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئېلانلىرى، چاشقان دورىسىنىڭ مۇشۇك، ئىتلارغا ھالاكەت ئېلىپ كېلىشى...

رىقابەتچىلەر ئارىسىدىكى شاللاش ۋە شاللىنىشلار، زەھەرلىك چېكىملىك پاجىئەلىرى، پۇل - مال ۋە كۆ-ڭۈل قويمىچىلىقلىرى، تۈگىمەس بىر - بىرىنى ئال-داشلار، روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكلەر، روھ-

سىزلىق ئىچىدە ئالجىپ جۈيلۈشلەر، ئىشەكنىڭ دۇمبىسىگە چۈشكەن ئاپتاپتا قول ئىسسىتىشلار، ۋىجدان، غۇرۇر، ئىپپەت - نومۇس ۋە ئىنسانىيلىقنى پۇل- مال، ئابرۇي - شۆھرەت، ئۇنۋان- ئىناۋەتلەر ئۈچۈن تەرك ئېتىشلەر، «تۆگىنى دەپ تۆگىدىن قوروۇق قىلىش» ۋە «بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈش»لەر كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ مەزمۇن- مەقسەتلىرىگە ئايلانماقتا. ئاينىشنىڭ ئۆزى تەرەققىيات بولىدىغاندەك، بۇگۈن ۋە كەلگۈسى مۇشۇ «يۈنىلىش»نى ئىلگىرىلەش نىشانى قىلىدىغاندەك، بارا- بارا زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ ئىختىيارىي ماگقۇرتلىرىغا ئايلىنىپ كەتتۇق. ئۆز كۆتىمىزنىڭ ئۇچۇقلىقىغا قارىماي، باشقىلارنى «ھويت- ھويت» قىلىدىغان كۈلكىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق. تەگرى ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان مۇقەددەس روھ — مۇھەببەتكە سەل قاراش، ئۇنى بۇرمىلاش، خورلاشنى توختاتمىساق، تەقدىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇشى مۇقەررەر.

ئۇنداقتا، ئىنساننىڭ ھاياتىدا شۇ قەدەر زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھەببەت زادى قانداق نەرسە؟ ئۇ راستىنلا ئىنسانلارنى تۇرلۇك ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، گۈللىنىش ۋە خۇشاللىققا ئىگە قىلالايدىغان قۇدرەتكە ئىگىمۇ؟

ئادەم ئۆزىدە بولمىغان نەرسىنىڭ گېپىنى تولا قىلىدۇ دەپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇھەببەت ۋە

ئەخلاقتا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ يېزى-
لىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلاردا يەنىلا تار مۇھەببەت قا-
رىشى، يەنى ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت-
تىن ھالقىش ئىپادىسى كۆرۈلمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە
دۇنيادىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي كې-
لىپ چىقىشى ۋە يېتىلىشىگە بېقىپ مۇھەببەت قارىشى
بولىدۇ. گەرچە تۈرلۈك ئېقىمدىكى پەيلاسوپ، ئالىم-
مۇتەپەككۇرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمە، ئىزاھلاش
پىكىرلىرىدە مەلۇم پەرقلەر بولسىمۇ، تۈپ ماھىيەتلىك
قاراش يەنىلا بىر. ئۇ بولسىمۇ ئىنساننىڭ ئىنسانغا بول-
غان شەرتسىز ھالدىكى ئۆزىنى بېغىشلىشىدۇر.

شۇنداق، ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشى نېگىزى-
دىن ئادەملەر ئۈچۈن بولغىنىدەك، ئادەملەر ئارىسىدىكى
بارلىق ئۇلۇغۋار ئىدىيە ۋە مەقسەت، پائالىيەتلەرنىڭ
مەركىزىدە تۇرىدىغىنى يەنىلا ئادەم. شۇڭا، مۇھەببەتمۇ
شەكسىز ئادەملەر ئۈچۈن بولىدۇ. ئەمما، مۇھەببەت ئۇ-
قۇمى ئەزەلدىن تارتىپ پەقەت ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسى-
دىكى پسىخولوگىيىلىك، فىزىئولوگىيىلىك ۋە بىئولوگى-
يىلىك مۇناسىۋەت دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قويۇلۇپ،
ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئايرىۋېتىلدى. ئادەمنىڭ ماھىيى-
تى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇ ئۆز روھىنى مەڭگۈلۈك
ھاياتىي كۈچكە، ساپ تۇيغۇلارغا، ئىنسانغا خاس پەزى-
لەتلەرگە ئىگە قىلىپ تۇرغۇچى بىر روھ — مۇھەببەتكە

تەبىئىي موھتاج بولىدۇ. كىشىلىك دۇنياسىدا ئۇنىڭدىن
مۇستەسنا بىرمۇ ئادەم يوق. خۇددى: «ئىشقى يوق ئې-
شەك، دەردى يوق كېسەك» دېيىلگەندەك.

بىر ئادەمنىڭ قەلبىدىكى بارلىق رەزىل ۋە چىركىن
تەرەپلەر پۈتۈنلەي مۇھەببەتنىڭ تەسىرىدە گۈزەل ۋە
يارقىنلىقتا ئۆزگىرىدۇ. ئەر بىلەن ئايال جىنس نۇقتىسى-
دىن بىر-بىرىگە چەكسىز ئىشىنىش ۋە بارلىقىنى بې-
غىشلاشتەك يۈكسەك تۇيغۇغا ئىگە قىلىنغاندەك تۇرسى-
مۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈنلەي ئادەمگە نىسبە-
تەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىشىدىن باشقا نەرسە ئە-
مەس. دەل شۇ سەۋەبتىن، خۇددى شەمسىدىن تەبرى-
زى ئېيتقاندەك: «ھەممىنىڭ يۈزى كەئبىگە قارىغان.
كەئبىنى ئېلىۋەتسەك مەلۇم بولىدۇكى، ئىنسانلار بىر-
بىرىنىڭ قەلبىگە سىغىنىدۇ. بىرسىنىڭ قەلبى باشقىسى
ئۈچۈن سەجدىگاھ».

ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىنسانلار
بىر-بىرىگە بولغان موھتاجلىقىنى ھېسسىي ئالاقە ئارقى-
لىق ئىپادىلەيدۇ ۋە ھەل قىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ جەمئىيەت-
تىن ئايرىلىپ يەككە-يېگانە ياشىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئادەملەرنىڭ بىر-بىرىگە ئىنتىلىشى، ياردەم بېرى-
شى، بىر-بىرىنى سۆيۈشى نەتىجىسىدە جەمئىيەت بارلىق-
قا كەلگەن ۋە گۈللەنگەن، نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەر يا-
رىتىلغان، ھاياتلىق زەنجىرى ئەبەدىيلىككە قاراپ سو-

زۇلغان. بۇ نۇقتىدا ئوغۇل - قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇ-
ھەببەت نوقۇل ھالدىكى ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى
فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج دائىرىسىدىن ھالقىپ، شۇ
ئىككى ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىدا تۇرغان ئادەم بىلەن ئورتاق
نىيەت. ئورتاق مەقسەت ۋە غايىلەر يولىدا ئائىلە تەش-
كىل قىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ قىممىتىنى يارىتىشى، ئىنسانى-
يەت تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشىدا
ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ھالبۇكى، مۇھەببەت ئۈچۈن
ئەڭ ئاۋۋال يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت، پەن - مەدەنىيەت
ساپاسى، ئەخلاق - پەزىلەت ساپاسى بولۇشى كېرەك.

شۇنداق، مۇھەببەت تەگرى ئىنسانلارغا بەخش ئەت-
كەن مۇقەددەس تۇيغۇ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئادەم-
دىن مۇناسىپ قابىلىيەت ۋە ئىقتىدار تەلەپ قىلىدۇ.
شۇڭا، خەلقىمىز ئالدىراپ مۇھەببەت باغلاش خاھىشىغا
«بالدۇر ئېچىلغان گۈل بالدۇر توزۇيدۇ» دېگەن پەلسە-
پىۋى يەكۈن ئارقىلىق خاتىمە بەرگەن.

مۇھەببەت كىشى قەلبىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدى-
غان ئوتتۇر. ياشلار دۇنياغا جۇشقۇن ۋە قىزغىن قاراي-
دۇ، خىلمۇخىل ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن تۇرلۇك مە-
نىدىكى مۇھەببەتكە قىزىقىدۇ. ئەمما، تۇرمۇش قۇرۇش
يولىدىكى جىنسىي مۇھەببەت ئۇنداق ئالدىراڭغۇلۇقنى
خالىمايدۇ، بەلكى ئىككى ۋۇجۇدنىڭ قوشۇلۇشى ئۈ-
چۈن زۆرۈر بولغان ساپا ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلىغاندىن

كېيىن، ئاندىن بۇ يولغا قەدەم بېسىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ياشلىرىمىزنىڭ سەمىدە بولسۇنكى، مۇھەببەت ھەرگىز «يۇردۇقمۇ؟ يۇردۇق ئەمسە» دەپ كوچا چىڭ-دايدىغان، تۇگىمەس «شېرىن» گەپلەر بىلەن ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان، يانچۇق قۇرۇقدايدىغان، كەسىپ ۋە ئىجتىھاتنى تەرك ئېتىدىغان، خالىغاندا ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن بىر-بىرىنى تاشلايدىغان ۋە خورلايدى-غان ئۇنداق ئاددىي ۋە بىمەنە مۇناسىۋەت ئەمەس. ياشلار ئۆز تۇرمۇشىغا مۇستەقىل قارىيالايدىغانلىقىنى، ئۆزىدە مۇئەييەن دەرىجىدە ھەر تەرەپلىمە ساپا ۋە ئىقتى-دار ھازىرلىغانلىقىنى، ھاياتىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىي-گىشلىك نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلارنىڭ بارلىقىنى، ئۆمۈر مۇساپىسىدە مۇناسىپ بىر سىڭىلنىڭ ھەمراھ بولۇ-شى كېرەكلىكىنى ھېس قىلغاندا ئاندىن مۇھەببەت باغلاشقا تۇتۇش قىلسا بولىدۇ.

مۇھەببەت قانداقتۇر خىيالىي تۇيغۇ، رومانتىك ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى ياكى ئۆتكۈنچى شېرىن چۈش ئەمەس، بەلكى زىممىسىگە بىر خىل مەسئۇلىيەت يۈك-لەش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدۇر. ئادەم ئەقىل كىرگەن-دىن تارتىپ، ئۆزىنى بىر ھاياتنىڭ ئىگىسى سۈپىتىدە تونۇپلا قالماي، قەلبىدە ئۆزىگە، باشقىلارغا، تۇرلۇك ئىشلارغا قارىتا مەلۇم ئىشەنچ ۋە سۆيگۈ تۇيغۇسى تۇر-غۇزىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تۇرمۇش ئا-

دەمگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتكىنىدە، ۋۇجۇدىدا ئا-
شۇ سۆيگۈنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا نىسبەتەن بىر خىل
مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئويغانغانلىقىنى ھېس قىلىپ يې-
تىدۇ- دە، مۇمكىنقەدەر غالىبلاردىن بولۇپ، ئاشۇ گۈ-
زەل ئارمانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. ھاياتنىڭ
قىممىتى دەل مۇشۇ يەردە.

ئادەملەر دۇنياغا بىكاردىن ئاپىرىدە قىلىنغان ئە-
مەس. ئۇلارنىڭ يارىتىلىشى ئۆز- ئۆزىنى يارىتىش، ناما-
يان قىلىش ۋە ئىز قالدۇرۇش ئارقىلىق باشقىلارغا يا-
شاش ھەقىقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئۆزىنى سۆي-
مىگەن ئادەمنىڭ باشقىلارنى سۆيۈشى ئەقىلگە سىغماي-
دۇ. چۈنكى، ئاللا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇھەببەت سۈپىتىد-
دە نامايان بولمىغان «قىيامەت» رومانىدا ئېيتىلغاندەك
«خۇدا ئىنسانلارغا مۇھەببەت ئارقىلىق نامايان بولىدۇ،
خۇداغا مۇھەببەت بىلەن تولمىغان دىلمۇ ئۆلۈكتۇر».
بىز مەڭگۈ مۇھەببەت ئىچىدە ياشايمىز، ئەپسۇسكى بىز-
نىڭ ئۇنى چۈشىنىشىمىز ناھايىتى يۈزە ۋە تولىمۇ ئاد-
دىي بولۇپ كەلدى. قاچان ۋە قايسى دەۋر بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، ھەرقايسى دىن ۋە ئىدېئولوگىيىلەرنىڭ
ھەممىسى مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس تۇيغۇغا
مۇناسىپ ئورۇن بەرگەن. مەيلى قانداق ئۇسۇلدا بول-
سۇن مۇھەببەتنىڭ يۈكسەك رولى ۋە قىممىتىنى ئېتى-
راپ قىلغان.

ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىجادىيىتى بولغان ئەپسانە، رىۋايەتلەردە ۋە كلاسسىك نەمۇنىلەردە مۇھەببەت ئۇلۇغلانغان. ھەرقانداق مىللەتنىڭ فولكلور بايلىقىنى قازغىنىمىزدا، مۇھەببەت بىلەن باغلانغان كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلىكلەرنى، ھېكمەتلەرنى ئۇچرىتىمىز. دوستويوۋسكى ئېيتقاندەك: «مۇھەببەت شۇنچىلىك قۇدرەتلىككى، ئۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىمۇ قايتا يارىتىدۇ». ئەگەر قەلبىمىزدىكى مۇھەببەتنىڭ بۇنىڭغا قۇربى يەتمىسە، ئۇ ھالدا مۇھەببىتىمىز مۇھەببەت بولماي قالىدۇ.

مۇھەببەت كىشىنى يېڭىلىققا، كۈرەش ۋە ئىزدىنىشكە ئۈندەپ تۇرىدۇ. ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ھاياتقا ۋە ئۇلۇغۋار نەرسىلەرگە قارىتا مۇھەببەت پەيدا بولغان ھامان، ئۇ مۇقەررەر ھالدا بىر خىل روھىي كۈچكە ئايلىنىپ، ھاياتلىق يولىنى پارلاق يۈنىلىشكە بۇرايدۇ. ئادەملەر ناھايىتى قىسقا، شۇنداقلا جاپا- مۇشەققەت بىلەن تولغان ئۆمرىنىڭ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر بىلەن بېزىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ.

ئادەم ئۈچۈن بۇ قىسقىغىنە ھايات ناھايىتى قىممەتلىك، ئەمما ئاشۇ ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئۆلمەس روھ — مۇھەببەت ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك. ۋەھالەنكى، مۇھەببەت تولىمۇ قىسقا ھاياتتىكى بارلىق مۇمكىنچىلىكلەرنى يوققا چىقىرىدىغان قۇللۇق ئىس-

كەنجىسىگە چۈشۈپ قالسا، ئەلۋەتتە، ئۆز قۇدرىتىنى بىلەن ئاشۇ ھاياتنىڭ ئەركى يولىدا بەدەل بولىدۇ. ئەگەر بىز كەسكىن رىقابەت بىلەن تولغان دۇنيادا راستىتىنلا ئۆز ھاياتىمىزنى سۆيىدىغان بولساق، ئۇنىڭ قىممىتىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۇن- تىنىسىز ئىزدەنگەن، شۇنداقلا غايىمىزگە ئۇرتاقلىشالايدىغان يەنە بىر كىشىنىمۇ ھەقىقىي سۆيەلىگەن ۋە شۇ يوسۇندا ئۆز مۇھەببىتىمىزنى غايەت زور كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىش يولىدىكى ئۇلۇغۋار كۈرەشكە ئۆزىمىزنى بېغىشلىغان بولاتتۇق. ئەپسۇسكى، «گۈلگە قونغانىنىڭ ھەممىسى بۇلبۇل ئەمەس» دېيىلگىنىدەك، مۇھەببەتنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرالايدىغان ئىقتىدار ھەممە كىشىدە بولمايدۇ ۋە ئوخشاش يېتىلمەيدۇ.

ئەگەر كىشىلەر دائىم دېگۈدەك زىكىر قىلىپ تىلغا ئېلىۋاتقان «مۇھەببەت» دېگەن بۇ سۆزنى ھەقىقىي چۈشەنگىنىمىزدە، ئۆز ۋە ئۆزگىلەر ئالدىدىكى گۈزەللىكنى ۋە گۈزەل نەرسىلەرنى قوغداش مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلغان، بىر- بىرىمىزگە مېھرىبانلىق يەتكۈزۈپ، تۇرمۇشنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن بولاتتۇق.

مۇھەببەت ھەققەتەن كەڭ مەنىگە ئىگىكى، «ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇلغان سۆيگۈ، يەنى كەڭ مەنىدىكى جىنسىي ھەۋەسنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان سۆيگۈدىنلا مۇھەببەتنىڭ ئوزۇقىنى ئىزدەپ، يات جىنسقا تەلپۈنۈش،

خۇشتار بولۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوغلىشىشنى ۋەتەنگە، خەلققە بولغان قىزغىن سۆيگۈ ۋە ئۇلۇغۋار غايىگە بول-غان ئىزدىنىشكە سىڭدۈرگەندە، مۇھەببەت ئاندىن چەكسىز ئالىيجاناب ۋە مۇستەھكەم بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، بۇنداق سۆيگۈنىڭ مەزمۇنى بۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلىغانلىق بىلەن تەڭ قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇھەببەت-نىڭ قىممىتى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز-كى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن خالىس ھالدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئىنقىلابىي قۇربانلار، ۋەتەننىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قۇربان بېرىش-تىن قورقماي باتۇرانە ھالدا ئۆزىنى تەقدىم قىلغان قەھ-رىمان جەڭچىلەر، گۈزەل ھايات قۇرۇش ئۈچۈن ئۆز-ىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلغانلارنىڭ قەلبىدە كەڭ سۆيگۈ بولىدۇ ھەم يەنە نازۇك سۆيگۈمۇ بولىدۇ. ئۇلار قەلبىگە خىلمۇخىل سۆيگۈنى سىغدۇرىدۇكى، «بازاردا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى» دېگەننى ئۇنتۇماي، بۇنداق ئىككى جەھەتتىكى سۆيگۈنى كىرىشتۇرۇپ، «سەندە مەن بار، مەندە سەن بار» دېگەن دەرىجىگە يەت-كۈزىدۇ. ئۇلار بىر- بىرىگە ئۆزىنى ئاتاپ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن بىرلەشكەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ بىرلىكنى جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلارغا بېغىشلايدۇ. مۇھەببەت

ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە قىلىدۇ. ئا.س. ماكارىنكو ئېيتقاندەك: «سۆيگۈ شۇنداق ئۇلۇغ تۇيغۇكى، ئۇ ئاجايىپ ياخشىلىقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. يېڭى ئادەملەرنى بەرپا قىلىدۇ. ئەڭ بۈيۈك ئىنسانىي بايلىقلارنى يارىتىدۇ»، «مۇھەببەت — ھەرىكەتكە، كۈرەشكە چاقىرىدۇ»(ف. ئەدىزىرىنىسكى). «مۇھەببەتچەكسىز ئۇلۇغ بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ھەركىمنىڭ ئىشىنىشى يېگانە ئىش بولالمايدۇ»(پ. شوئۇ). مانا بۇ ئۆزگەرمەس ھەقىقەتتۇر.

مۇھاكىمىلىرىم بۇ يەرگە كەلگەندە، ئالىي مەكتەپنىڭ 2- يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندىكى بىر سائەتلىك «ئىدىيەئەخلاق» دەرسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. شۇ چاغدىكى دەرستە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەت ئەخلاقى نۇقتىلىق سۆزلىنەتتى. بىر كۈنى كۈتمىگەندە ئوقۇتقۇچىمىز: «مۇھەببەت دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا تاشلىۋىدى، ساۋاقداشلار ئۆز چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. گەرچە جاۋابلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن توغرا بولسىمۇ، بىراق ئوقۇتقۇچىمىز مەنستىمىگەندەك قىياپەتتە مىيىقىدا كۈلگىنىچە بېشىنى چايقىدى- دە، گەپ- سۆز قىلماستىنلا دوسكىغا «مۇھەببەت= ھېچنېمە» دېگەن ئىككى سۆزنى يېزىپ قويۇپ «دەرس تامام!» دەپلا چىقىپ كەتتى. بۇ فورمۇلىدىن ئىنتايىن ھەيرانلىق ھېس قىلدۇق. گەرچە ئارد-

دىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مۇھەببەتكە مۇنداق مۇئامىلە قىلىشى ھازىرغا قەدەر مېنى مەيۈسلەندۈرۈپ كەلدى. ئويلاپ باقسام، ستودېنتلىرىمىزدىكى بېرىسى بىرنەچچە كۈن- لۈك، نېرىسى بىرنەچچە ئاي ياكى بىرەر يىللىق ئاتال- مىش «مۇھەببەت»لەر ئوقۇتقۇچىمىزنى ئەنە شۇنداق يە- كۈنگە كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇ بىزگە ئۇستازلىق سۈپىتى بىلەن ستودېنتلار- نىڭ مۇھەببەت باغلىشىغا دائىر ئەقەللىي ساۋاتلار ھەق- قىدە ئاز- تولا تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر- ئىككى ئېغىز ئىجابىي سۆزنى قىلىشى كېرەك ئىدى. جەمئىيەت- نى قاپلىغان بۇ ھەقتىكى سۆزلەرنى ئالغاندىمۇ، مەيلى ياش، مەيلى قېرى ھەممىسىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايدىغىنى- مىز مۇھەببەتنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان نەرسە ئىكەنلى- كى توغرىسىدىكى تەئەددىيلەر، مەسخىرە - تەنىلەر، ئىش- قىلىپ، ئۈمىدسىزلىككە تولغان گەپلەردۇر. شۇغۇللىنى- ۋاتقان كەسپى، قىزىقىدىغان ئىشلىرى ئەپلەشمەي بى- رەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسا بەل قويۇۋېتىدىغان، ئۆ- زى سۆيگەن قىزنى ئالدايدىغان، ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە باشقىلارنىڭ سۆيگىنىگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان، رىقا- بەتتىن قاچىدىغان، ئۆمرىنى ئەرزىمەس ئىشلارغا زايە ئې- تىدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە غەيرىي مۇئامى- لىدە بولىدىغان، ئەپەندىم ئېيتقاندەك «شەھەرنىڭ ئىتلى-

رى»غا ئوخشىشىپ قالغان كىشىلەردە قانداقمۇ مۇھەب-
بەت تۇيغۇسى بولسۇن؟ ئەگەر مۇھەببەت شۇنداق ئەر-
زىمەس نەرسە بولغىنىدا، قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭ-
گودىن چەت ئەلگىچە ئۇلۇغلانغان شۇنچە نۇرغۇن ياز-
ملار يېزىلمىغان، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان
تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەقەلەر مەيدانغا كەلمىگەن بولات-
تى! ئەگەر مۇھەببەت بولمىغان بولسا، بۇ ھاياتنىڭ قىم-
متىنى ھېس قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى مۇھەببەتنىڭ
چەكلىك ھاياتنى چەكسىزلىككە ئىگە قىلالايدىغانلىقىنى
بايقاشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئادەم ئىپپەت- نومۇس
بىلەن پۇل- مال ۋە يۈز ئابرۇيىنى، شان- شەرەپ بىلەن
ۋىجدان- غۇرۇرنى، ساختا بەخت بىلەن ھەققانىيەتنىڭ
جاپاسىنى، ھارام مەنپەئەت بىلەن ھالال مېھنەتنى، رە-
زىللىك بىلەن گۈزەللىكنى، دوستلۇق بىلەن دۈشمەن-
لىكنى، قۇيرۇق بىلەن ئۆپكىنى، شەرەپلىك ئۆلۈم بىـ-
لەن خىيانەتلىك ھاياتنى، مەردلىك بىلەن نامەردلىك-
نى... ئايرىش چەمبىرىكىدە داۋام قىلىدىغان كىشىلىك
دۇنياسىدىكى ھاياتتىن ئىبارەت بۇ ئىمتىھاندا ئۆزىنىڭ
قانچىلىك ئىككىلەنگەن، بەل قويۇۋەتكەن، «بوپتۇلا»
دېۋەتكەن، تەقدىرگە تەن بەرگەن ياكى قەتئىي ھالدا
ياخشىلىق، ھەقىقەت يولىدا چىڭ تۇرغان، ئېتىقادىنى،
پاكلىقىنى جان تىكىپ قوغدىغان، پايخان بولۇۋاتقان ئا-
دىمىيلىك ئۈچۈن ياش تۆككەن، يۈرىكى نومۇس ۋە

ۋىجدان ئازابىدا ئۆرتەنگەن، ھەسرەت چەككەن، ئاھ-
زار قىلغانلىرىنى بىر مۇبىر كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزد-
گە ئادىل نومۇر قويالىسا ۋە ئەلنىڭ قانداق باھاسىغا ئې-
رىشكەنلىكىنى ئويلىيالىسا، مۇھەببەت دېگەن نەرسىنىڭ
ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى سالمىقىغا يارىشا ھەركىمنىڭ ھايات-
لىق يولىدىكى ئوبرازى ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى چۈ-
شىنەلەيدۇ.

گەرچە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ۋە خەلق ئېغىز ئە-
دەبىياتىمىزدا مۇھەببەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئەكس ئەت-
تۈرىدىغان مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، يەتتە ئا-
شىق-مەشۇقنىڭ دۇنياۋى ئوبرازى بىزنى پاك مۇھەب-
بەتكە ئۈندەپ تۇرسىمۇ، زامانلارنىڭ بوران-چاپقۇنلى-
رى ھەقىقەتنى كۆرىدىغان كۆزىمىزنى كور، ھاياتىمىز-
نى گۈزەل ۋە قۇدرەتلىك قىلىدىغان روھىمىزنى ئىمجان
قىلىۋەتكەچكە، قەلبىمىزدە ئۇلار ئاستا-ئاستا دېڭىزغا
چۆككەن كېمىدەك خىيالىي نەرسىلەرگە، ھەتتا ئاتال-
مىش زامانغا ماس كەلمەيدىغان كونىلىققا ئايلاندى. رېس-
تورانلىشىپ كېتىۋاتقان تۇرمۇشىمىزدا ئالا كۆڭۈللۈك،
تۇزكورلۇق، نامەردلىك، خۇمسىلىق، نائەھلىلىك يام-
راپ، ئۇلۇغۋار نەرسىلەرگە بولغان ئېتىقاد، ئىشەنچىمىز،
مۇھەببىتىمىز بارغانسېرى سۇسلاپ كەتتى. ئۆزىمىزگە
ۋە باشقىلارغا ئىشىنەلمىگەنلىكىمىز تۈپەيلى، بىر-بىرى-
مىزدىن ياتسىراپ، ئەنسىرەپ، قورقۇپ دېگۈدەك ياشاش-

قا كۆنۈكتۇق. پاك مۇھەببەتكە ئىنتىلگەن كىشىلەرنى «سارالڭ» ، «ئەخمەق»قە چىقىرىپ كۈلدۇق. يەنە خەق-لەر ئىلىم - پەن كۆكىدە پەرۋاز قىلسا، بىز پەرۋايىمىز پەلەك ھالدا ئۆز روزىغارىمىز ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈ-رۈۋاتىمىز.

دۇنياۋى رىقابەت قايىنىمىدىكى ئاجىزلىقىمىز، ناباب-نادانلىقىمىز شۇ دەرىجىدە ئاشكارىلىنىۋاتىدۇكى، كەل-گۈسىنى ئويلىساق بىزنى سوغۇق تەر باسىدۇ. ئەگەر قەلبىمىزدە مۇھەببەت بۈيۈك ئورۇندا تۇرىدىغان بولسا، ماتىتەينىڭ قىزلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلىشى ئۈچۈن قۇشقاچ تۇتمىغان. ئەركىنلىك ئىزدىگۈچى نۇزۇگۇم-نىڭ قومۇشلۇق جاڭگاللىقلاردا نەچچە ئايلاپ يالغۇز قې-چىپ يۈرۈپ، ئۆز ئەركى ۋە ئىپپەت- نومۇسى ئۈچۈن جان بەرگۈچە ئارىلىقتىكى: «ئىلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟» دېگەن ئاچچىق ھەسرەتكە تولغان ئەلەملىك نىدالىرىنى جاۋابسىز قويمىغان. ئىجتىمائىي كۈرەشلەردە بۆلۈنمە-گەن بولاتتۇق. ئەمدىلىكتە بولسا، قىزلىرىمىزدىن ئۇن-داق نىدالارنى ئاڭلاشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر قەلبى-مىزدە ھەقىقىي مۇھەببەت بىخ تارتقىنىدا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇقادىر داموللامدەك ئەرك ئوغلانلىرىنىڭ ئۆ-لۈشىگە سەۋەبچى بولمىغان، روھىنى نائۇمىد قويمىغان بولاتتۇق. قەلبىمىز ئىنسانىي مۇھەببەتكە باي بولۇشىنى ئىزدىسەك ھېلىھەم كېچىكمەيمىز، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋې-

تىشنىڭ شانلىق نۇرى يولىمىزنى يورۇتماقتا.

ھەربىر ئادەم ئەڭ ئالدى بىلەن، ئۆزىنى ئالىيجاناب مۇھەببەت ئىچىدە كۆرۈشى كېرەك. مەشھۇر كلاسسىكلىرىمىزدىن مۇھەببەتكە ئاتاپ ئەسەر يازمىغانلار يوق دې-يەرلىك بولۇپ، مۇھەببەت تېمىسىدا پەقەت نەۋايى ھەز-رەتلىرى بىلەن ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ يازغانلىرىلا كەم دېگەندىمۇ 100 مىڭ مىسراغا يېتىدىغانلىقى مەلۇم. ئۇ-نىڭدىن باشقا، مۇبارەك ئىسمىنى بىلىدىغان كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ مۇھەببەت مەدھىيىلەنگەن نۇرغۇن با-ياز، دىۋانلارنى تۇزگەنلىكىنى مەسخىرە قىلدۇق، چاكى-نىلىق، پۇچەكلىك دەپ قارىدۇق. ئۇلارنى ھېچبىر پاي-دىسى يوق ئىشقا زېھنىنى، ئۆمرىنى زايە قىلغان دەپ ئە-يىبلىدۇق، ھەتتا توم-توم كىتابلارنى يېزىۋاتقان پرو-فېسسورلىرىمىزمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ «كلاسسىكلىرىمىز نېمىشقا مۇھەببەت تېمىسىدىلا قەلەم تەۋرەتكەن؟» دې-گەن سوئالىغا مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ نامايانىدىلىرى بولغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدىغان گەپلەر بىلەن جاۋاب بەردى، ھەتتا نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ ياخشى كۆرگەن قىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇماي مۇھەببەت داستان-لىرىنى يازغانلىقىنى، شۇ مۇقەددەس سۆيگۈنىڭ كۈچى بىلەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي قىممەتلەرنى ياراتقانلىقىنى، شۇنداقلا پارس، تۈرك شېئىرىيىتىنىڭ پىر-ئەللامىسى-غا، ئۆز زامانىسىنىڭ تونۇلغان كامالەت ۋە ئىستېدات ئى-

گىسىگە ئايلانغانلىقىنى ئەيمەنمەستىن غەيرىي بىر جىن-
سىي ئاجىزلىق مەنبەسىدىكى ھاقارەتلىك ھېكايىلارنى
توقۇپ دەرسخانىلاردا ستودېنتلارغا ئۇيياتسىزلارچە
سۆزلەپ يۈرۈشتى. ئەمەلىيەتتە، كلاسسىكلىرىمىزنىڭ
بۇ ھەقتە كۆپرەك قەلەم تەۋرىتىشى ھەرگىزمۇ تومتاق
ھالدا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى سۇبيېكتىپ ئېھتىياجنى چىقىش
قىلماستىن، بەلكى شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي زۆرۈر-
يەت كۆزدە تۇتۇلغان ئىدى. بۇ ھال مەڭگۈتاش تېكىستى-
لىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. باشقىسىنى قويۇپ تۇ-
رۇپ، «گۈل ۋە بۇلبۇل»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»
قاتارلىق داستانلارغا تەپەككۇر كۆزىمىز بىلەن نەزەر
ئاغدۇرساق، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگىنى قانداقتۇر بىز دەۋات-
قاندەك نوقۇل ھالدىكى بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ
مۇھەببىتى بولماستىن، شۇ مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇل-
غان مىللىي بىرلىك، باراۋەرلىك، ئازادلىق، گۈللىنىش
ۋە سىياسىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانى ئىكەن-
لىكىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

ۋەھالەنكى، يىراق ئۆتمۈشتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتىي
كۈچكە ئىگە تەۋەررۇك ئىدىيە، ئەنئەنىلەرگە گۇمان ۋە
ئىنكارچىلىق پوزىتسىيىسىدە بولۇشىمىز نەتىجىسىدە مە-
دەنىيىتىمىزدە بوشلۇق ۋە ئاينىش ھادىسىسى كۈچىيىپ
كېتىۋاتىدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇ-
قىنى مەدھىيىلەپ ئەسەر يازغانلارنى مەسخىرە قىلىۋاتى-

مىز. ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنى ئىنكار قىلىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدىمىزدا دەل شۇ مۇھەببەتنىڭ كەملىكى ۋەجىدىن قايسى ئەھۋالدا قالغىنىمىزنى ئەسكە ئېلىپ قويمايۋاتىمىز. كېچە-كۈندۈز كىتاب-ماتېرىيال بىلەن ھەپىلىشىدىغان، كومپيۇتېر، تىل، توپ، ئىجادىيەت، كەسپىيات ۋە باشقا نەرسىلەرگە قىزىقىۋاتقان، ۋاقىت، ئىقتىساد ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىپ بەلگىلىك نەتىجە يارىتىۋاتقان، خىزمەت، كەسىپ ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان، ئۆزى سۆيگەن ئىشلارغا بارلىقىنى ئاتىغان، قىسقىسى، مۇھەببەتنى مېھنەت ئىچىدە نامايان قىلىۋاتقان جۇرئەتلىك كىشىلەرنى مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇۋاتقان، پۇتلاۋاتقان، ئەخمەقتىن ئەخمەققە، ساراڭدىن ساراڭغا چىقىرىپ مازاقلاۋاتقان چېغىمىزدا، مۇھەببەتسىزلىك ئىچىدە ياشاۋاتقىنىمىز تۇپەيلى نەقەدەر دۆت ۋە بەختسىز ئىكەنلىكىمىزنى ئويلىمايۋاتىمىز. قەلبى ھەقىقىي ئىنسانىي مۇھەببەت بىلەن تولغان كىشى ئۆز مەئبۇدىنى، جۈملىدىن ئۆزىنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئاتا-ئانىسىنى، ئەل-يۇرتىنى، ئەقىل-زېھنىنى، كىشىلىك ئەخلاق-پەزىلەت ۋە گۈزەللىكلەرنى، ۋاپا ۋە ساداقەتنى، ئىجاد ۋە مېھنەتنى... سۆيىدۇ؛ ھەرقانداق ۋاقىت، ئەھۋالدا ئۆز ئېتىقادى يولىدىلا تەۋرەنمەي ماڭىدۇ: يېڭىلىق، مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ. گېزى كەلگەندە مۇھەببەت ئۈچۈن جان بېرەلەيدۇ.

چۈنكى، مۇھەببەت ئادەمنى ئۇلۇغ خىسلەتلەرگە ئىگە قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ. ئۆز سۆيگۈ - مۇھەببىتى بىلەن ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا مىسلىسىز تۆھپە قوشقان ماركس ۋە ژىننى، لېنىن ۋە كروپىسكايا... لارنى دۇنيا خەلقى بىلىدۇ. سارتىرى بىلەن سىمونانى ئېلىپ ئېيتساقمۇ، ئۇلار دەسلەپتە بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن، مەڭگۈلۈك مۇھەببەت رىشتىنى باغلىغان، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋىسالنى خىزمەت، كەسىپ ۋە ئىجادىيەت ئالدىدا قايرىپ قويۇپ، يېرىم ئۆمرىنى دېگۈدەك ئايرىلىش ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. گەرچە ئۇلار يىراق - يىراق جايلاردا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ھەر دائىم بىللە ئۆتۈۋاتقاندەك ياشىغان. بارلىقىنى كەسىپ، ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ، مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن بۈيۈك تۆھپىلەرنى ياراتقان. سارتىرى ئاخىر ھاياتىنى «مومىيى»نىڭ مۇھەببەتلىك قۇچىقىغا باش قويغىنىچە ئاخىرلاشتۇرغان. بۇ پاكىت ياشلارغا ھېلىھەم مۇھەببەت ھەققىدىكى رېئال دەرسلىك سۈپىتىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. مۇھەببەت بىر خىل تەڭداشسىز مەنىۋى كۈچ بولۇپلا قالماي، ھەربىر كىشى ئۆگىنىشكە ۋە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىلىمدۇر.

بۇگۈنكى كەسكىن رىقابەت دەۋرىدە، نۆۋەتتىكى

رىئاللىقىمىزنى ئۆزگەرتىش، ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، مەۋجۇتلۇقىمىزغا باشقىدىن نەزەر سېلىپ، قەلبىمىزدە هاياتقا، كىشىلەرگە، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا، كەل-گۈسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت تۇيغۇسىنى تۇي-غىتىشىمىز كېرەك. كىمنىڭ نېمىدەپ باها بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، مۇھەببەتنىڭ ئادىمىيلىكنى، شان- شەرە-پىنى، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى قوغداش، ئەمەل-گە ئاشۇرۇشتىكى تەڭداشسىز رولىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. بىز ئۆزىمىزگە ئىشىنىدىكەنمىز ۋە تايىنىدىكەن-مىز، چوقۇم بىزنى بارلىق قىيىنچىلىق، دىلغۇللۇق ۋە يوقىتىشتىن ساقلاپ قالالايدۇ. گۇمراھلىق يولىدىن توسىدۇ.

سۆيۈش ۋە بېغىشلاشنىڭ نېمىلىكىنى بىلگىنىمىز-دە، ئورنىمىزنىڭ قانچىلىك تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينە-زەر، تولۇپ تاشقان روھ بىلەن هاياتقا يۈزلىنەلەيمىز، ها-ياتنىڭ بۈيۈكلۈكى ئۈچۈن ئىزدىنەلەيمىز. ئۇ بىزنى ئۆ-زىمىزگە، دۇنياغا، ئادەملەرگە ۋە بىر ئىنساننىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىغا قارىتا روشەن، ھەققانىي تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ.

قىسقىسى، مۇھەببەت ئىنساننى قايتىدىن يارىتىدى-غان غايەت زور مەنىۋى كۈچ بولۇپلا قالماي، ئىجتىما-ئىي ئەخلاقنىڭ تۈۋرۈكى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر-نىڭ تەڭشىكىدۇر. شۇڭا، ئۇ بىزدىن ئىنسان بىلىشكە

تېگىشلىك بارلىق بىلىملەرگە ئىگە بولۇشنى، ئىنسان بىلدۇرۇشكە تېگىشلىك مەۋجۇدىيەتنى، ئىنسان يېتىلدۇرۇشكە تېگىشلىك ئىقتىدار ۋە ساپانى هازىرلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر مۇھەببىتىمىز بىزنى كەلگۈسىدىكى شالللىنىش ۋە يوقىتىشلاردىن ساقلاپ قالالمىسا، ئۇ ھەرگىز مۇ مۇھەببەت بولالمايدۇ. مەيلى قاچانلا بولمىسۇن، بۇنداق مۇھەببەتكە ئىنتىلىپلا قالماي، ئۇنىڭ شەرتىنى هازىرلىشىمىز كېرەك.

مۇھەببەتكە ئېرىشىش يولىدىكى ئۇرۇنۇش ھەرگىز كېچىكمەيدۇ. بۇ ھەقتە خاراباتى: «بىر زەررە ئەقلۇھوشۇڭ بولسا، ئىشق جامىدىن بىر قەترە مەي ئىچ» دېسە، ناقىس: «ئۆزۈڭنى دانا ھېسابلىساڭ، بۇ ئالەمدىن مۇھەببەتسىز ئۆتۈپ كەتمە» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇھەببەتنى «خۇدانىڭ ئىنسانلار قەلبىنى يورۇتىدىغان مەڭگۈلۈك نۇرى» دېگەن ئىكەن. ئەگەر روھىيىتىمىزدىكى ۋە تۇرمۇش يولىمىزدىكى «قاراڭغۇلۇق»لاردىن قۇتۇلۇشنى ئىزدىسەك، پاك ۋە ئۇلۇغۋار مۇھەببەت هاياتىمىز ۋە تۇرمۇشىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك مەزمۇنىغا ئايلانسۇن!

مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىمىز بىلەن هاياتلىق قىممىتىنى تونۇتايلى، مۇھەببەتسىزلەرنىڭ قەلبىنى ئويغىتايلى، ماڭقۇرتلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، مۇھەببەت مەڭگۈلۈكتۇر! ياشىسۇن ئۇلۇغۋار كىشلىكنى تېرىل-

دۇر گۈچى ۋە يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغۇچى مەڭگۈلۈك مۇھەببەت!

«مۇھەببەت گوياكى خىسلەتلىك قەسىر ،
ئۇنىڭدا ھەر بايلىق، ئۇنىڭدا ھەر سىر .
ھېسسىيات بولسا گەر يورۇتقۇچ چىراغ ،
ۋىجداندۇر ئۇنىڭغا تۆۋرۈك بىردىنبىر .»*



* تۇرغۇن يىلتىزنىڭ «سۆيگۈ تۇمارلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن .

# ئۆزىڭىزگە ياردەم قىلىڭ

تۇرمۇشتا ئارقا- ئارقىدىن ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلار تۈپەيلىدىن، ھاياتقا بولغان ئۈمىدىمنى يوقاتقان ئىدىم. قانچە قىلساممۇ كۆتۈرۈلۈپ قوپقۇسىز قايغۇ- ئەلەملەر، دەرد- ئازابلارنىڭ قىينىشىدىن قۇتۇلالمايتتىم. يۈرىكىم قانىتى سۇنغان قۇشتەك مۇڭغا پاتقان ئىدى. ھېچكىم ۋە ھېچقانداق نەرسە چۈشكۈن ھېسسىياتلىرىمغا ئازراقمۇ تەسكىن بېرەلمەيتتى. تەقدىرىمنىڭ ئوڭلىنىشىغا ھېچبىر مۇمكىنچىلىك قالمىغاندەك توختىماي ئاھ ئۇراتتىم. ئۆلۈمنىڭ شەپىسى ۋۇجۇدۇمنى سوغۇق تىترىتەتتى. قىيادىكى ھەيكەلدەك چەكسىز بوشلۇققا، كۆز يەتكۈسىز يىراقلىققا قاراپ قېتىپ قالاتتىم. روھىم يوقالغاندەك نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىمنىمۇ بىلمەيتتىم. يېقىن كىشىلىرىمگە بولغان قىزىقىش ھېسسىياتلىرىممۇ سۇسلاپ كەتكەن ئىدى. ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا بۇنداق ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغانلىقىمنى ئويلىساملا بوغۇزۇمغا ئاچچىق يىغا قاپلىشاتتى. ئېغىر بىر تەنھالىق تۇيغۇسى مېنى دۇنيادىن يىراقلاشتۇرۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مەن چۆكۈۋاتقان ھايات گويا يىمىرىلىشتىن دېرەك بېرەتتى.

يازلىق تەتىل ۋاقتىمنى مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزۈپ،

ئاتا ـ ئانامنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرغان ھالدا ئىنستىتۇتقا قايتىپ كەلگەن ئىدىم. ئەمما، شۇ چاغدا تاپشۇرۇۋالغان بىر پارچە ئالاھىدە خەت خۇددى بۇ ـ لۇتلار ئارىسىدىن چىقىپ كائىناتنى يورۇتقان قۇياش ـ تەك، قەلبىمدىكى ئازاب تۇمانلىرى ئاستىدا قالغان رو ـ ھىمنى پاللىدە يورۇتتۇەتتى.

دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشقىمۇ رايىم بارماي، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئازابلىق خىياللارغا غەرق بول ـ غانچە ئولتۇراتتىم، بىر ساۋاقدىشىم: «ماۋۇ سىزنىڭ خې ـ تىڭىز ئىكەن» دەپلا ئالدىمغا بىر كونۋېرتنى قويۇپ چىد ـ قىپ كەتتى. نەزىرىمنى دەررۇ كونۋېرتقا ئاغدۇرۇپ ھەيرانلىق ئىچىدە قولۇمغا ئالدىم. كونۋېرت ئۈستىگە خەتنىڭ پەقەت ماڭىلا تېگىدىغانلىقى يېزىلغاندىن باش ـ قا، نە خەت ئەۋەتكۈچىنىڭ ئادرېسى، ئىسمى، نە پوچتا تامغىسى ياكى ماركا دېگەنلەر يوق ئىدى. قانچە ئويلىد ـ ساممۇ، بۇنىڭ زادى كىمنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىد ـ دىم. «ئىچىدە نېمە گەپ بار، ئوقۇپ ئاندىن بىرنېمە دەيچۇ» دېگەن ئويى بىلەن كونۋېرتنى ئاچتىم ـ دە، ئىد ـ چىدىن قاتلاقلىق ھالەتتىكى بىر ۋاراق ئىش قەغىزىنى ئېلىپ تېزلىك بىلەن ئاچتىم. كۆزۈم قەغەزنىڭ ئۈستى تەرەپ دەل ئوتتۇرىسىغا يوغان قىلىپ يېزىلغان ئۈچ سۆزگە چۈشۈشى بىلەن، ۋۇجۇدۇم خۇددى توك ئېقى ـ مىغا ئۇچرىغاندەك تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجانغا چۆمۈپ،

زىلزىلىگە كەلدى. شۇ مىنۇتلاردا ھاياتىمدا ئۇچرىغان بارلىق ئوكۇشسىزلىق ۋە قايغۇ-ئەلەملىرىمنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنتۇپ كەتتىم دېسەم قىلچە مۇبالىغە بولمايتتى. «ئۈچ سۆز»گە قارىغانسېرى، ئۆز-ئۆزۈمنى قايتىدىن تونۇشقا باشلىدىم. ئاشۇ «ئۈچ سۆز» مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھايات يولۇمنى يېڭىدىن باشلاشقا تۈرتكە بولغان، مېنى ئازابلىق غەپلەت قۇچىقىدىن قۇتقۇزغان ئىدى. ئەمما، ماڭا دۇنيادىكى بۇنداق ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىنى ئەۋەتكەن كىشىنىڭ زادى كىملىكىنى ھەرقانچە ئويلاپمۇ بىلەلمىدىم. ھاياتقا بولغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچىمنى قايتا قوزغاتقان بۇ نامەلۇم شاپائەتچىگە ئۇۋىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ئۇچۇشقا ئۈمتۈلۈۋاتقان قۇش بالىسىدەك گۈزەل تەقدىرگە يۈزلىنىۋاتقان شوخ يۈرەكىم تېپچەكلەشلىرى ئارقىلىق، سەمىمىي ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلدۈردى.

ئارىدىن نۇرغۇن ۋاقىتلار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر «ئۈچ سۆز»نىڭ تۈرتكىسىدە، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقەمنى نورماللاشتۇرۇپ كەلگىنىمنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن. «ئۈچ سۆز»دىن تۈزۈلگەن قىسقا جۈملە مېنى ئۆزۈمگە مەسئۇل بولۇش ئاساسىدا ئۆزۈمنى تونۇش، ئۆزۈمدىن ھالقىش ۋە ئۆزۈمنى يارىتىش (نامايان قىلىش) يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشكە يېتەكلىدى. نەتىجىدە ئادەملەر-

نى مەركەز قىلغان دۇنيانىڭ ۋە ھاياتنىڭ گۈزەل تەرەپ-لىرىنى ھېس قىلىپ، بۇنىڭدىن لەززەتلىنىشنىڭ توغرا ئۇسۇلىغا ئېرىشتىم. مېنى بۇنچە «مۇۋەپپەقىيەت» تۆرد-گە باشلاپ چىققىنى «ئۆزىڭىزگە ياردەم قىلىڭ» دېگەن ئاددىي جۈملە ئىدى. بۇ ئاڭلىماققا سەل غەلىتىرەك تۇ-يۇلسىمۇ، چوڭقۇر مەنىسىنى ئاڭقىرالىغان ئادەمنىڭ ھا-ياتقا ئۇمىدۋارلىق بىلەن يۈزلىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئىجابىي قىممەتكە ئىگىدۇر.

ئادەم ھاياتلىق رىقابىتىدە تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىق ۋە كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. تۇرمۇش ئېرىشىش بىلەن يوقىتىش، قوشۇلۇش بىلەن ئايرىلىش، خۇشاللىق بىلەن قايغۇنىڭ نىسپىيلىكىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ. بىز تۇرمۇشتا كۈتۈلمى-گەن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغاندا تېگىرقاپ، كەلگۈ-سىدىكى مۇمكىنچىلىكلەرنى نەزەرگە ئالمايدىكەنمىز، تە-بىئىي ھالدا ئۆزىمىزنى ياشاش ھوقۇقىنىڭ سىرتىدا قال-دۇرىمىز-دە، مەۋجۇتلۇقىمىزنى ئۇنتۇيمىز.

ئەمەلىيەتتە، دۇنيا خۇددى ساكيامونىنىڭ ئېيتقىنى-دەك: «جاپا-مۇشەققەت بىلەن تولغان». ئىككى پۇتى-مىز، ئىككى قولىمىز بىلەن يەرگە چۈشتۇق، ماڭماي، ئىشلىمەي ئامالىمىز يوق. توختاپ قېلىش ۋە ئىشلىمەس-لىك ھاياتلىق ئىگىسىگە نىسبەتەن ئۆزىنى ئىنكار قىلىش-تىن باشقا نەرسە ئەمەس. ماڭغان ۋە ئىشلىگەن ئىكەن-

مىز، ئەلۋەتتە، ئوڭۇشسىزلىق، يوقىتىش، قايغۇ- ئازاب، تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىشىمىز تۇرغانلا گەپ. ئە- گەر ئىشەنچسىزلىك، ئىرادىسىزلىك، غايىسىزلىك، ئۈ- مىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك ئالدىدا خۇدىمىزنى يوقات- ساق، بىلىپ- بىلمەي ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ قالىمىز- دە، ئې- رىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز ئۇزىرىپ كەتكەندىن باشقا، تېخىمۇ يامىنى مۇمكىنچى- لىكنىمۇ تەرك ئېتىمىز. تەتقىقاتىمىزنىڭ ئېتىراپ قىلىن- ماسلىقى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمگىكىمىزنىڭ زايە كېتى- شى، ئەڭ يېقىن ئادەملىرىمىزدىن، شان- شەرىپىمىزدىن ۋە ئىززەت- ئابرۇي، پۇل- مال، هوقۇقىمىزدىن ئاير- لىپ قېلىش ئازابى، كۈتۈلمىگەن بالا- قازالارغا ئۇچ- راش، هاياتلىق يولىمىزنىڭ تۇيۇقسىز قاراڭغۇلىش- شى... قاتارلىقلار بىزنى شۇنداق زور قايغۇ ۋە يوق- تىشلارغا دۇچار قىلىدۇكى، شۇنداق دەقىقىلەردە ئۆزد- مىزنىڭ هېچقاچان بۇ دەرىجىدە يېگانىلىق دالاسىغا قە- دەم قويۇپ باقمىغىنىمىزنى، شۇنداقلا ياردەمچىسىز- تا- يانچىسىز قالغىنىمىزنى هېس قىلىمىز. ئەمما، كۆپچىلىكى- مىز بۇ نۇقتىغا ئانچە ئېتىبار بەرمەيدىغانلىقىمىز سەۋەبى- دىن ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلەردىن مەهرۇم قالى- مىز. ئۇتتۇرۇۋېتىپ گاڭگىسا- جىساغا ئايلانغان بىچارە قى- مارۋازدەك چۈشكۈنلۈك پاتقىقىدا جان تالىشىمىز. دۇنيا شۇنداق ئادىل يارىتىلغانكى، هەربىر نورمال ئادەمگە بەل-

گىلىك مۇمكىنچىلىك بەخش ئېتىلگەن. بۇ مەنىدە ھەر-
بىر ئادەم ئۆزىگە مەسئۇل بولغان ھالدا ئۆزىگە ئۆزى يار-
دەم قىلىپ، ھاياتىنى ئەڭ گۈزەل ئىستىقبالغا يېتەكلەي-
دۇ. ئىنسان ھەقىقەت يولىدا جان پىدالىق كۆرسەتسىلا،
يېتىشكە تېگىشلىك مەنزىللەرگە جەزمەن يېتەلەيدۇ.
شۇڭا، ئادەم ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولىدىغان، بار-
لىق ئاقىۋەتلەر ئۆزىگە باغلىق بولغان بۇ ئالەمدە چوقۇم
ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزىگە ياردەم قىلىشى زۆ-
رۈر. بۇ «ياردەم» يۈكسەك غايە يولىدىكى قەتئىي ئىرا-
دە، ئىشەنچ، ئېتىقاد، ئۈمىد، غەيرەت، ئىلھام ۋە مەدەت-
تىن ئىبارەت بولۇپ، مەڭگۈلۈككە ئىگە. ئەگەر ئۆزىمىز-
نىڭ بۇ ياردەملەرگە ھەرقاچان موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى
ئەستىن چىقارساق، مۇقەررەر ھالدا، ئازاب ۋە يوقىتىش
ئالدىدا ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز. ھەركىمنىڭ ھايا-
تى ئۆز قولىدا بولغىنى بىلەن، يەنە بىر نۇقتىدىن ئۇ ئەت-
راپىدىكىلەرگە تەئەللۇق. ھەرقايسىمىز ئۆز ھاياتىمىز ئار-
قىلىق باشقىلارغا مەڭگۈلۈك بەخشەندە بولۇشتىن ئىبا-
رەت ئالاھىدە ۋەزىپە بىلەن دۇنياغا كەلگەن. ھالبۇكى،
ھايات يولىمىز دەل شۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشتىكى قىيىنچى-
لىق ۋە توسالغۇلار بىلەن تولغان. شۇڭا، تۇرمۇش بىز-
نى تار كوچىغا قىستاپ بارغاندا، جەزمەن ئۆزىمىزگە
ياردەم قىلىپ، ئۇنى پارلاق مەنزىلگە يېتەكلىشىمىز كې-
رەك. رېئاللىق ۋە رېئاللىققا يۈزلىنىش دېگەن مانا شۇ.

ئوگۇشسىزلىق ۋە قايغۇ- ئازاب ئالدىدا ئۆزىمىزنى ئۇن-تۇپ قېلىش تۇپەيلى يولىمىز ئۇزىرىپ ۋە قىيىنلىشىپ كېتىشى تەبىئىي. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنداق- بۇنداق ئا-مىللاردىن ئاغرىنىشقا قىلچە ھەققىمىز يوقكى، تۇرمۇشتا يولۇققان ھەرقانداق ئاقىۋەت ئۆزىمىزگە تۇتقان پوزىتى-سىيىمىزنىڭ نەتىجىسى، خالاس. ھېچقانداق ياردەم ئۆ-زىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە قىلغان ياردىمىگە يەتمەيدۇ. چۈن-كى، ئۆزىمىزگە ئاداققىچە ۋە ئەڭ ماھىيەتلىك ياردەمنى يەنىلا ئۆزىمىز بېرەلەيمىز.

قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە دۇنياغا تونۇلغان نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق كىشىلەر، شۇن-داقلا ھەرقانداق پايدىسىز ۋە ئوڭۇشسىز شارائىتتا يول تېپىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن بارلىق ھايات يولتۇزلىرى ھېچقاچان باشقىلارنىڭ ياكى تەقدىرنىڭ ياردىمىگە تەل-مۈرۈپ تەمە دوقمۇشلىرىدا تەمتىرەپ يۈرمەستىن، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە ئۆزى ياردەم قىلغان. ئۆزىنى يېڭى مۇۋەپ-پەقىيەتلەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈپ، كۆ-رەشكە چاقىرغان.

شۇنداق، ھاياتلىق رىقابەت بىلەن تولغان. ھەربىر ھايات ئىگىسىنىڭ ئۆز يولى بولىدۇ. كىشىلەر مەنزىللەر-گە يېتىشتە بىر- بىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپلا قال-ماي، ئۆز- ئۆزىگە ياردەم قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قو-يۇشى كېرەك. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ شان- شەرىپى،

ئىززەت-ئابرۇيى، ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىمىز ئۈچۈن ئىزدەنمىسەك، ھەرقانداق يامان ئاقىۋەتلەرگە قېلىشىمىز مۇقەررەر. ئەمما، يامان ئاقىۋەت ئالدىدا خۇدىمىزنى يوقاتماستىن، ھوشىمىزنى تېپىپ، ئۆزىمىزگە ياردەم قىلساقلا، ئۇ ياخشى ئىشقا ئايلىنىدۇ. ھاياتلىق قانۇنىيىتىگە ئېتىبارسىز قاراپ، ئۆزىمىزنى ياردەمسىز قالدۇرساق، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ۋە يوقىلىشقا يۈز تۇتىمىز. ئەجدادلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ماياك بولسۇن! ھاياتنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئۆزىگە ياردەم قىلىش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماي، ئۆزىمىزگە ياردەم قىلايلى!



# ھەممە نەرسىدىن ھامان ئايرىلىمىز

ھايات قانۇنىيىتى بويىچە «ئېرىشىش» كەينىگە «ئايرىلىش» يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھايات بەزىدە ئادەمنى شۇنداق ئامالسىز قالدۇرىدۇكى، ئايرىلغان نەرسىگە چىدىماسلىق سەۋەبىدىن، دۇنيا كۆزىمىزگە ئىنتايىن سوغۇق ۋە بىمەنە كۆرۈنىدۇ، ھەتتا ئايرىلىش ئازابىنىڭ ئېغىرلىشىشى بىزنى خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھاياتلىق پائالىيەتلىرىمىزنىڭ «ئېرىشىش» ۋە «يوقىتىش» دەۋرىيلىكىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز.

كىشىلىك ھايات چوڭ بىر سەھنە بولۇپ، بىزنىڭ ئۇنىڭدا ئالغان رولىمىز مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ نىشانى سۈپىتىدە داۋام قىلىدۇ. قاچان ۋە قانداق شارائىتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رېئاللىق بىزنى «ئايرىلىش»قا دۇچار قىلىدىكەن، ھەممە نەرسىدىن رايىمىز يېنىپ كېتىدۇ. چاندۇرماسلىققا ھەرقانچە تىرىشساقمۇ،قەلب ئاسمىنىمىزنى ھەسرەت تۇمانلىرى قاپلاپ، روشەن ئەقىل كۆزلىرىمىز گۇڭگىلىشىدۇ. ئەگەر بىز تۇرمۇشتىكى ئايرىلىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئاقىلانىلىك بىلەن تەن ئېلىپ، يېڭى ئېرىشىشكە يۈزلەنمىسەك، ئەلۋەتتە، ئۆزىمىزنى يو-

قىتىپ قويۇشىمىز تۇرغانلا گەپ.

بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ئەسىر ئالمىشىدىغان ئاشۇ قۇتلۇق كېچىدە باشلانغان ئىدى. تېخى بىرنەچچە كۈن-نىڭ ئالدىدا بىر-بىرىمىز سىز ياشىيالمايدىغانلىقىمىزنى مۇھەببەتلىك ياشلىرىمىز بىلەن ئىزهار قىلىشقان ئىدۇق. بەخت يۇلتۇزلىرىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت ئاسمىنىدا قارار تاپقانلىقىنى چوڭقۇر روھىي بىرلىك كامالىتىدە تەققاسلاپ، ھاياجانغا چۆمگىنىمىزنى ئەستىن چىقىرالمايتتۇق. ئەپسۇس، دۇنيا بىردىنلا قالايمىقان بولۇپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ مەندىن ئايرىلىش نىيىتىگە كەلگىنىنى سەزدىم. مەۋجۇتلۇقۇم تەۋرىنىپ، جىسمىم ۋە روھىمنى ئەبەدىي قۇتۇلغۇسىز نادامەت، دەرد-ئەلەم، ئۆكۈنۈش، ھەسرەت، ئىزتىراپ ئىگىلىدى. گويا مەن ئۆچۈن ياشاشنىڭمۇ ھېچبىر ئەھمىيىتى قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك رەھىمسىز رېئاللىق مېنى ھەر دەقىقە تىرىكلىك ھېسسىدىن مەھرۇم قىلاتتى. ئاخىر-لىشۋاتقان ياز كۈنلىرىدە يۈز بەرگەن ئايرىلىش ئازابلىرىدا ئۆرتىنىۋاتقىنىمدا، تويۇقسىز يۈرىكىمىزدىكى بىر مەزلۇمەنىڭ ئېرى ۋە تۆت بالىسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ كەتكەنلىكىدەك پاجىئە ئېسىمگە كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا يەنە ئىككى قولىدىن، ئىككى پۇتىدىن، ئاتا-ئانىسىدىن، ئىززەت-ھۆرمىتىدىن، ئار-نۇمۇسىدىن، ئابرۇي-ئىناۋىتىدىن، پۇل-مال، ھوقۇق-

مەنسىپىدىن، سۆيگەن جانانىدىن، ھەتتا ئۆز ئەركىنلى-
كىدىن ئايرىلغان نۇرغۇن كىشىلەر كۆز ئالدىمدىن بىر-
بىرلەپ ئۆتۈپ، ئۆزۈمنى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك
ھېس قىلدىم. ھاياتتا ئاشۇنداق زور يوقىتىشلارغا ئۇچ-
راپمۇ مەيۈسلەنمەي، قەيسەرانە ھالدا ئۆز قىممىتىنى ناما-
يان قىلىۋاتقان بۇ كىشىلەرگە ئۆزۈمنى سېلىشتۇرسام،
نۇمۇستىن يۈزۈم چىمىلدايتتى. مېنىڭ يېقىن دوستۇم-
دىن ئايرىلىپ قېلىشىم ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ قالغان نەر-
سىلىرى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. ئۆزۈمنىڭ رو-
ھىي جەھەتتە ئىنتايىن ئاجىز ئىكەنلىكىمنى تەن ئېلىشقا
مەجبۇر ئىدىم.

تۇرمۇشنى قايسىلا جەھەتتىن كۆزەتسەك، ئايرى-
لىش بىلەن نەتىجىلىنىدىغان قىسمەتلەر قايىنىمى روھى-
مىزنى ھالاك قىلىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ، ھاياتقا نىسبە-
تەن ئۈمىدۋارلىق رىتىمىدا سوقۇۋاتقان يۈرىكىمىز قېنى-
مىزنى دولقۇنلىتىپ، ياشاشقا ئۈندىمەي قالمايدۇ. بۇ دول-
قۇن ئەۋجىدە قەيسەرلىك ۋە چۈشكۈنلۈك كەسكىن ئې-
لىشىدۇ. ئايرىلىشنىڭ ئىنسان ھاياتىنى يېتۈكلۈككە ئى-
گە قىلىدىغان مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ،
ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن كىشىلەر ھەر-
گىز روھىنى چۈشۈرمەستىن، تۇرمۇشنى يېڭىۋاشتىن
باشلايدۇ. قانداق نەرسىدىن ئايرىلىپ قالمىسۇن، ئۆزى-
نى يوقىتىپ قويماستىن ئالدىغا قاراپ ياشاۋېرىدۇ، ھا-

مان ئايرىلىدىغان نەرسىلەر ئۇچۇن ئۆمۈر گۈلزارىنى ۋا-قىتسىز خازان قىلمايدۇ. ئادەم ھەممىدىن ئاۋۋال ھاياتتىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىغانغا ئوخشاش، ئەلۋەتتە، ھاياتتا ئېرىشكەن ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ ئايرىلىپ قې-لىشقا كۆزى قىيمايدۇ. بىز نورمال ئادەملىك سۈپىتىمىز بىلەن ئۆمرىمىزنىڭ كائىناتقا ھاياتبەخش نۇرلىرىنى چېچىۋاتقان سېخىي قۇياشقا ئوخشاش مەڭگۈ پارلاپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. ئەمما، ھاياتلىق قانۇنىيىتى بىزدىن نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ئۇن- تىنسىز ۋە تۇ-يۇقسىز ھالدا ئايرىۋېتىدۇ. بۇنى ئەقلىمىز گە سىغدۇرال-ماي، ئازابتىن خۇدىمىزنى يوقىتىپ قويۇشىمىز تۇرغانلا گەپ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق رېئاللىق ۋە قانۇنىيەتنى ئېتى-راپ قىلمىساق، تاكى قىممەتلىك ھاياتىمىزدىن ئايرىل-غانغا قەدەر باشقا «ئايرىلىش»لارغا توغرا مۇئامىلىدە بو-لۇپ، تۇرمۇش دەشتلىرىدە يول تېپىپ، يېڭى مەنزىل-لەرنى كۆزلەپ ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلىمىسەك بولمايدۇ. ھا-يات پەقەت «ئايرىلىش» ئارقىلىقلا كامالەتكە يېتىدۇ. گەرچە ئۇ جىسمانىيەت جەھەتتىن مەھرۇملۇققا يۈز تۇتسىمۇ، روھىي جەھەتتىن ئەبەدىيلىككە ئېرىشىدۇ.

بەزى نەرسىلەردىن ئايرىلىشقا توغرا كەلگەندە، يە-نى ئايرىلماسلىققا ئامال بولمىغاندا، چوقۇم ئاقىلانىلىك بىلەن ئايرىلىش كېرەك. چۈنكى، ھاياتتا شۇنداق پەيت-لەر كېلىدۇكى، ئارزۇ ئۇچۇن تۆلىگەن بەدەلنىڭ قانچە-

لىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «ئايرىلىش»قا كۆز قىيمى-
غان تەقدىردىمۇ رەھىمسىز رېئاللىققا تەن بەرمەي ئىلاج
يوق. ئىنسان پەقەت بىرلا قېتىم ئېرىشىدىغان ھاياتتىن
ئايرىلىپ قالمىسىلا، ئۆزىنى يەنىلا بەختكە ئېرىشكۈچى
ھېسابلىسا بولىدۇ. ئايرىلىش بىر خىل جۇدالىق ياكى
مەغلۇبىيەت بولۇشىمۇ، ماددىي ياكى مەنىۋى زىيان بو-
لۇشىمۇ مۇمكىن. ئىشقىلىپ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىي-
نەزەر، ئادەمدە ئېرىشكۈچىگە خاس غەيرەت - جاسا-
رەت، كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە ئەمەلىي نىشان بولمايدىكەن،
ئاخىرىدا ئەڭ چوڭ ئايرىلغۇچىغا ئايلىنىدۇ. ئىنسان ئۈ-
چۈن ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى مانا شۇ.

ھايات چىن مەنىسىدىن بىزگە مەنسۇپ، پەقەت ئا-
دەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ۋە ئادەم ئېرىشىشكە تېگىش-
لىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولساقلا.



# تاللاش زۆرۈرىيىتىدە

ئەگەر ماڭا بىر قېتىملىق تاللاش پۇرسىتى بېرىـ
لىپ، قاراڭغۇلۇق بىلەن قەپەس ئوبيېكت قىلىنسا، قانـ
داق ئاقىۋەتكە قېلىشىمدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم قاراڭغۇـ
لۇقنى تاللىغان بولاتتىم.

ئادەم بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى
بىلدى. يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان
ۋە ئۆزگەرتەلەيدىغان يوكسەكلىكىنىمۇ، ئۆزىنى تەدرىـ
جىي تونۇش ۋە ئۆزگەرتىش زۆرۈرلۈكىنىمۇ تونۇپ يەتـ
تى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئاجىزلىق ۋە ئارتۇقچىلىقى ئۇنى ۋاـ
قىت تۈگەنچىسىنىڭ زامان ۋە ماكان مەۋجۇدىيىتىدە
ھەر تەرەپلىمە تاللاشقا دۇچار قىلماقتا. بۇ بىر مۇقەررەرـ
لىك. چۈنكى، ئىنسان ئالدى بىلەن، ئۆز مەۋجۇدىيىتىـ
دىلا تاللاش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشىپ، روھىي زىددىـ
يەت قاينىمىدا ئۈزلۈكسىز تاللاش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ
رېئال دۇنيادىن ئېلىپ كىرگەن نەرسىلىرى ئۆز تەبىئىـ
تى ئالدىدا يورۇقلۇقنى ئەمەس، بەلكى قاراڭغۇلۇق ۋەـ
قەسىنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە ئۆز مەنىۋىيىتىـ
نىڭ مەۋجۇدىيىتى بىلەن رېئاللىق ئىچىدىكى قاراڭغۇـ
لۇق ۋە قەپەسكە مەھكۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئادەم پەقەت

يەرگە كۆمۈلگەندىن كېيىنلا، ئېڭىدا ساقلانغان يورۇق ئالەمگە مۇشەررەپ بولالىشى مۇمكىن. ئىنسان گۇناھ-تىن ئايرىلدە بولغان، گۇناھ بىلەن ياشاپ، گۇناھ بىلەن ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ تەقدىر ئالدىدىكى ئاقلىمچىلىقى تولىمۇ بىچارە ۋە كۈلكىلىكتۇر. ئۇ ھەر قېتىم ئۆزىنى ئالدىغىنىدا، تېخىمۇ قۇۋلىشىپ كېتىدۇ. قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ قەپەسكە قاراپ يول ئالىدۇ. ئەمما، قاراڭغۇلۇقنىڭ تۇرلۇك چەكلىمىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەي ئۆزىنى ئالداش كېرەكلىكىنى تەھقىقلەپ قانۇنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزلۈكسىز داۋاملىشۋاتقان گۇناھلىرى پەقەت ئۆزىنى ئۇنتۇش، قەپەسكە بەند قىلىنىۋېتىپ مەڭگۈگە ئۇنتۇش ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. تاشقى ئالەمنىڭ مەۋھۇم سادالىرىدا ئويغىنالىمىغان ئۆلۈك ئالى، تەن قەپىسىدە تۇرلۇك پاجىئەلەرگە دۇچار بولىدۇ. مانا بۇ ياشاش، مانا بۇ مەۋجۇدىيەت.

سەن مەيلى ئۆز روھىڭدىن بولسۇن، مەيلى دۇنيادىن بولسۇن، يورۇقلۇققا ئىنتىلىپ ياشايسەن. ئەمما، ئۇنى مەڭگۈ ئىزدەپ تاپالمايسەن. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا سېنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشايدىغانلىقىڭنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بۇ دۇنيادا ھەقىقىي يورۇقلۇققا ئېرىشەلىگىنىڭدە، چوقۇم ھەرىكەتتىن توختاپ ئۇنىڭ پەيزىنى سۈرگەن بولاتتىڭ. ئەمەلىيەتتە، يۈرىكىڭنىڭ سوقۇپ تۇرۇشى سېنى ھەرىكەت نىسپىيلىكىگە ئىگە قىلىپ تۇرىدۇ. ئەبە-

دىي ئىنتىلىشلىرىمىزنىڭ چەكسىز مۇلاقاتلىرىدا بىز ھامان قاراڭغۇلۇقنىڭ چەكسىز ئىشىكلىرىدە توختاۋسىز پەيدا بولۇپ تۇرىمىز-دە، مەلۇم چۈشەنچە بىلەن خىيالىي تۇرغۇنلۇقنى قىياس قىلىمىز. ئەمما، تەبىئىتىمىزدىنلا ئۇنىڭغا ھەرگىز مۇۋەپپەق بولالمايمىز. پەقەت ئۆلۈم ئىسكەنجىسىنىڭ گۇڭگا پۇرسەتلىرىدە ئىنتىلىپ بارىمىز. ناھايىتى ئېنىقكى، ھەرىكەت ئېھتىياجى تۇغۇلۇشى بىلەنلا، مۇئەييەن بوشلۇقنى خالاپ قالىمىز-دە، قاراڭغۇلۇقىمىز ئىچىدىن يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز.

يورۇقلۇق دەل بىز ئۆزىمىز. ئۆزىمىز مەۋجۇدىيىتىمىزنىڭ تېگى. ئۇپۇق پەللىسىنىڭ قىپقىزىل جۇلالىنىشى قانلىرىمىزنى بىقىياس دولقۇنلىتىپ، ئۆزلۈك تېگىغا تەققاسلىغاندا ئۆزىمىزنى ھەقىقەتەن بەختلىك ھېس قىلىمىز. ئەمما، بۇنداق بەختىيارلىق ۋىسال دەملىرى ناھايىتىمۇ ئۇزاقتا نېسىپ بولىدۇ. پەقەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئۆزىنى ئىزدەپ تاپقان كىشىلەر ئەزرائىل بىلەن كۆرۈشكەن ھەل قىلغۇچ پەيتلەردە، ئۇ ئاشۇ ۋۇجۇدنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ.

مەھرۇملۇق ۋە مۇيەسسەرلىكنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى قاراڭغۇلۇق بىلەن قەپەسنىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ، ئىنسان ماھىيىتىنىڭ سىناق تېشىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان مەۋجۇدىيەت ئۆلگە سۈپىتىدە مەۋجۇتتۇر. ئەمما، ئىنسان كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ كۆرەلمەيدۇ، كېزەلەيدۇ،

سېزەلمەيدۇ. بىلسەك، ۋۇجۇد ئالىمىگىنى قاپلىغان قاراڭ-غۇلۇق ئاڭ قەدىمىگىنى يۇتلايدۇ، قاراڭغۇ دۇنيادىن يول ئىزدىمەكچى بولىدىكەنسەن، چوقۇم مېڭىشىڭ كېرەك. روھىڭدىكى ئىچكى تۇيغۇ سېنى پارلاق مەنزىل بىلەن باغلايدۇ. بۇ تۇيغۇ گويا خىزىرنىڭ دۇئاسىدەك سېنى ئۆزلۈكسىز ھەرىكەتلەندۇرۇپ، ئەڭ ئاخىر ھاياتىڭنىڭ ئۇلۇغۋار شېرىن ۋىسالىغا مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئىنسان ئە-بەدىي كۈرەش بىلەن ياشايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىنساندۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ھەرىكىتى قاراڭغۇلۇقتىكى ئۇيقۇغا يەم بو-لىدىكەن، بۇ قاراڭغۇلۇق تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۇنى قە-پەسكە بەندىلىۋېتىدۇ. ئەپسۇسكى، ئادەم قەپەسكە كىر-گەندىن كېيىن مىڭ بىر پۇشايمان يېسىمۇ، ھەرىكەتـ-تىن مەھرۇم قىلىپ يوقلۇق چۈشلىرىنىڭ قارا بېسىشلىـ-رى ئىچىدە قارىداپ كېتىدۇ. ھەرقانچە يۇلقۇنۇپمۇ مادا-رىغا كېلەلمەيدۇ. قەپەسنى پاچاقلاپ تاشلىغۇدەك كۈچ ئۇنىڭدا نېمە قىلسۇن ؟! مانا بۇ پۇرسەتنىڭ يوقىلىشىـ-دىن كېيىنكى پاجىئە. مانا بۇ شۇ دۇنيانىڭ ئىزىتقۇ ئۇ-يۇقلىرىغا مەستۇمۇستەغرەق بولغۇچىنىڭ قاراڭغۇلۇققا يۈزلەنگۈچى ۋە كۆنۈككۈچىنىڭ ئاقىۋىتى! ئادەمنىڭ رې-ئاللىقنى ئۆزگەرتىشى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى ئۆزگەر-تىش ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ناھايىتىمۇ قىيىن ئىش. ئەمما، ئىنسان مۇشۇ ئۇلۇغلۇقى بىلەن ئالەمنى سۆزۈك قىلىشقا ئىنتىلىپ ياشايدۇ. چۈنكى، قىيامەت

كېلىشى بىلەن تەڭلا، ھەممە نەرسە پەقەت ئىككى خىل نەرسىگە ئايرىلىدۇ. بۇ نېمىدېگەن روشەن، نېمىدېگەن ھەقىقىي گۈزەل كۆرۈنۈش ـ ھە!

ئىنساننىڭ ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈشى كۈرەش ئىچىدە بولىدۇ. ئىنسان ئۆز كۈرىشىنىڭ شانلىق قىسمەتلىرىنى يېزىپ چىققاندا ۋە جان قۇشى تەن شېخىدىن كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا ئادىللىق بىلەن تولغان قىيامەتنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ ھاياتنى كۆزىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا، بارلىق نەرسە روشەنلىشىدۇ. قاراڭغۇلۇق يوقىلىدۇ. ئادەمنىڭ يورۇقلۇقتا كۆرگەن نەرسىسى قەپەستىكى ئۆزى بولۇپ قالمىسىلا، ئۇ ئۆز ئاقىۋىتىگە شۇكۇر دېمەك لازىم.

ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىگىچە تاللاش زۆرۈرىيىتىدە ياشايدۇ. ئەمما، ئۆزى تاللىغان نەرسىنىڭ ئەركىن بوشلۇقىدا پەيدا قىلىدىغان يېڭى پەرۋاز قىلالمىغۇچە، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئىنساننىڭ ھاياتى قانچىلىك مۇشەققەتلىك ۋە مۇرەككەپ بولسا، ئۆز ئېگىزلىكىنى شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ. ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قۇللۇق ئىسكەنجىسىنى بىتچىت قىلماي تۇرۇپ، ھېچقانداق ئىنسان ئەركىنلىككە يېتەلمەيدۇ. ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، بوشلۇق بولۇشى زۆرۈر. ھالبۇكى، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ھايات قاراڭغۇلۇقىدا ئۆز ئەركىنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن تەدرىجىي ھالدا بوش-

لىق شەكىللەندۈرۈش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇقلۇق، مەج-بۇرىيەتنى ئادا قىلالماسلىق تولىمۇ ئېچىنىشلىقتۇر.

ئەي ئىنسان، سەن پەقەت روھ بىلەن ئادەمسەن. ھەر كۈنى ئىشىكتىن چىقىپ، تۈرلۈك - تۈمەن ۋۇ-جۇدلاردىن كىرگەن ۋاقتىڭدا ئۆز قىممىتىڭنى ھېس قى-لىپ ئۆيگە قايتالمىساڭ، سېنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن؟ سەن بوسۇغا ئاتلاش بىلەن ياشايسەن، ئەمما ئاخىرقى بوسۇغىدا يورۇقلۇقنى ھېس قىلالماي قالماسلى-قىڭ ئۈچۈن سېزىملىرىڭنى سەزگۈر تۇت، ھوشيار يا-شا. قاراڭغۇلۇق سېنىڭ ئۆمرۈڭ، بىر ئۆلۈش قارڭغۇ-لۇق ساڭا نېسىپ بولۇپ ھايات ئاتالغان. ھالبۇكى، ئا-شۇ قارڭغۇلۇقنى تاڭغا ئايلاندۇرالايدىغان قۇدرەت سې-نىڭ ۋۇجۇدۇڭغا، روھىڭغا كۆمۈلگەن. ئۆزۈڭنى ئىز-دەپ تاپقىن - دە، ئەبەدىي يورۇقلۇق ئۈچۈن يۈرۈش قىل. «ئۆزلۈك»نىڭ نۇرانە شولىسى يولۇڭنى يورۇتماق-تا. تەھقىقكى، سەن ئالەمدە بىر بولۇش سۈپىتىڭ بى-لەن، تاللاش زۆرۈرىيىتىدە مۇقەررەر ئۇنىڭغا يۈزلىنى-سەن، پەقەت ئۆزۈڭنىڭ كىم ۋە نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۇن-تۇمىساڭ.



# ئېرىشىش ۋە يوقىتىش ئارىلىقىدا

ھايات ۋاقىت چەكسىزلىكىدىكى ئالەمنىڭ بىر قىسمى. ئۇ ئۆز ئىلكىدىكى ۋاقىتنىڭ مۇقەررەرلىكىدە ۋۇجۇد ئىستەكلىرىدىن باھار ئەپىيامىنى ئىزدەپ ئاۋارىدۇر. ئۇ ۋاقىتقا باغلانغانلىقتىن، ئاشۇ چەكلىك پۇرسەت ئىچىدە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بولغان نەرسىلەر ئۈچۈن قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئىزدىنىپ كۆرىدۇ. ئەمما ئۇ، دۇنياغا كېلىشى بىلەن ئۆزىگە سۈت بەرگۈچىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ سۈت بېرىشكە يۈزلىنىپ بارىدۇ. دېمەككى، ئۇ ھەرقانداق نەرسىگە مەلۇم دەرىجىدە بەدەل تۆلىمەستىن ئېرىشەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ سەن بىراۋنىڭ نەرسىسىنى ئىگىسى كۆرمەستە ئېلىۋالساڭ، باشقىلارنى ئالداپ مەلۇم نەرسىلەرگە ئىگە بولۇۋالساڭ ياكى باشقىلاردىن ئوخشاشمىغان يوللار ئارقىلىق ئۆچ ئالساڭ، ھەرقانداق مەقسەت- مۇددىئادا بىر ئىش قىلساڭ، چوقۇم بىر نەرسىگە ئېرىشىش بىلەنلا يەنە بىر نەرسىنى يوقىتىسەن. بۇ — قانۇنىيەتتۇر.

ئەگەر سەن «ئېرىشكەنلىرىم يوقاتقانلىرىمغا تەڭ بولۇشى كېرەك» دەپ قارىساڭ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن. پەقەت سەۋرچانلىق بىلەن ئەستايىدىل ئويلى-

نىپ، ھەر قەدىمىڭنى پۇختا باسساڭ كۇپايە. ھەسرەت بېشىغا تولغان روھىڭنى قولۇڭغا ئالغىنىڭدا، ھاياتنىڭ ئاچچىق- چۈچۈك شارابىنى تېتىشقا مەجبۇر بولىسەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام كۆكتىن چۈشكەن دانىنى يەرگە تى- كىپ، ئۇنىڭدىن يەنە كۆپلىگەن دانلارنى ئېلىش ئۈ- چۈن قانچىلىك مۇشەققەتلىك ئەمگەكلەرنى قىلمىدى! سەۋر- تاقەت بىلەن ئىزدەنمىدى! ھالبۇكى، ئىنساننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە چەككەن جەبىر- جاپالىرى ھەق- قىي بەختلىك ئىنساننىڭ كۆرگەن راھەت- پاراغىتىگە تەڭ دېيىش مۇمكىنمۇ؟ مەلۇمكى، ئادەمنىڭ ئېرىشكەنلى- رى يوقاتقانلىرىدىن ئاز بولىدۇ. ئەمما، ئىنسان ماقامىغا يەتكەن كىشىنىڭ خۇشاللىق دەملىرىدىكى كۈلكىلىرى ئۇنىڭ قايغۇلۇق قىسمەتلىرىدىكى ئاچچىق يىغىلىرىنى بېسىپ چۈشۈشكە ھەرقاچان قادىر. ھەتتىگىنەي، ھەر- قانداق ئادەمنىڭ ئېرىشىش ۋە يوقىتىش دەملىرىدىكى ماھىيىتى ھەقىقەتەن مۆجىزىلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئىن- سان مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنلا، ئۇ- نىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ساختىلىقلىرىنى يوشۇ- رۇپ كەلگەن. ئاينىڭ ھۆسنىنى كۆرمەك ئۈچۈن بۇلۇت- نىڭ تارقىلىشىنى كۈتۈش كېرەك. ئىنساننىڭ ئېرى- شىش ۋە يوقىتىش ئارىسىدىكى ئىزتىراپ- تەشۋىشلىرى ھەرقاچان ئۇنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئىمتىھان قىلىپ تۇرىدۇ. ئېرىشكەن نەرسە ئۈچۈن قىقاس سېلىش، يو-

قاتقان نەرسە ئۇچۇن ھەسرەت چېكىش تولىمۇ يارام-
سىز كەيپىياتتۇر. سەن مىلىڭ بىر بالالىقتا تېپىپ كەل-
گەن بىر قاچا تاماقنىمۇ ئاغزىڭغا بىر قوشۇق- بىر قو-
شۇقتىن سېلىشىڭ، چايناپ- يۇمشىتىپ، ئاندىن يۇتۇ-
شۇڭ كېرەك. ھاياتلىقنىڭ جەۋھىرى بەدەل بىلەن تۇ-
گەللىنىپ تۇرىدۇ. ئۈزلۈكسىز تۆلەۋاتقان بەدەللىرىڭ-
نىڭ خاسىيىتىدە نېسىپ ئېتىلگەن تۆھپە - تارتۇقلار-
نىڭ قىممىتى ئېرىشكەن نەرسىلىرىڭنىڭ ۋەزنىنى ئۆل-
چەشكە يېتەرلىك. شۇڭا، يوقىتىشقا تېگىشلىك نەرسە-
نى رازىمەنلىك بىلەن قولدىن بەرسەڭلا، ئېرىششكە تې-
گىشلىك نەرسىگە ئېرىشەلەيسەن.



# شارائىت ۋە ئادەم

ئادەم ئۆز يەككىلىكىنى تاكاموللاشتۇرۇش ۋە نامايان قىلىش ئۈچۈن ماكان ۋە زاماندىكى زۆرۈرىيەت- شارائىتقا موھتاج بولىدۇ. ئەمما، شارائىت ئادەمنىڭ ئارزۇسىدىن يىراق ھالدا تەبىئىي شەكىللەنگەچكە، ئادەمگە نىسبەتەن ئۆزگەرتىش رولىنى ئويناىدۇ.

ھالبۇكى، ئادەم ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان ئاشۇ شارائىتنى ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش مۇددىئاسى بىلەن ئۆز ماھىيىتىنىڭ رېئال ھاسىلاتىنى پەيدا قىلىش «رېئاكسىيە»سىگە قاتنىشىپ، كۆكتىكى غۇۋا يۇلتۇزلاردەك ھاياتلىق ئالىمىگە يېڭىدىن- يېڭى تۇسلەرنى كىرگۈزىدۇ. بىز بۇنىڭ سالمىقىدىن ئادەمنىڭ ئۆز ھايات شارائىتلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئۆزگەرتەلىگەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. ۋۇجۇدنىڭ سىر- ئەسرارى مەھكۇم ئەيلىگەن روھىيەتنىڭ زىددىيەتلىك قايناملىرىدا غەۋۋاستەك ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئىدىيە ئادەمنى تۇرلۇك- تۈمەن قىسمەت- كەچمىشلەر بىلەن تۇگەللەپ بارىدۇ. جۈملىدىن، ئادەم ئۆز ۋۇجۇدى ۋە ئەتراپىدىكى ھايات شارائىتلىرىنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتى جەريانىدا ئالەمگە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئايان قىلىپ تۇرىدۇ.

شارائىت دېگىنىمىزدە، ئادەمنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىچكى- تاشقى شەرت- شارائىتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئەلۋەتتە. بىر ئادەم ھېچقاچان ئۆز ھايات شارائىتلىرىنى ئېھتىياجىغا يارىشا تاللىيالمايدۇ، بەلكى ئارزۇ بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ھاياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىنلا بارلىق تاشقى شەرت- شارائىتلار كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ ئۇرۇنۇشلىرىغا مۇخالىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. شۇڭا، ئادەمنىڭ مەنىۋى شارائىتى ھامان ماددىي شارائىتىدىن بۇرۇن يېتىلىدۇ. چۈنكى، ئادەم ئۆز مېڭىسىدىكى ئاڭ فۇنكسىيىسىنىڭ ياردىمىدە ئۆز ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۆزى تەھقىقلىگەن يۆنىلىشلىرىدىكى كارۋاندۇر. ئۇ قارار قىلغان ھەرىكەتلەر چوقۇم رېئال شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقى تۇرغان گەپ. بۇ خىل ئەھۋالدا، مۇنداق ئۈچ خىل نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ: بىرىنچى، ئادەم شارائىتقا كۆنىدۇ، بويسۇنىدۇ؛ ئىككىنچى، شارائىتتىن ۋاز كېچىدۇ؛ ئۈچىنچى، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، شارائىتنى ئۆزگەرتىدۇ.

ئادەم شارائىتقا كۆنگەندە ۋۇجۇدىدىكى ئۆزلۈك ئامىللىرى تۈنجۇقۇپ، ساختا ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئادەم يەككىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان ھېچقانداق

ئىلغار بەلگىلەرنى، خاسلىقلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنـ-كى، ئۇ «ئۈنئۈېر سال»لىشىپ ئۆزلۈكىنى يوقاتقۇچىغا ئايلىنىدۇ-دە، جانلىقلار دۇنياسىدىكى ئاددىي جانلىق سۈپىتىدە ئاڭسىز ھالەتتىكى ھاياتلىق پائالىيىتىنى داۋام ئەتكۈزىدۇ.

ئادەم شارائىتتىن ۋاز كەچكەندە ماكان ياكى زامان-دىن ھالقىپ شارائىت ئىزدەيدۇ. تەپسىلىيرەك ئېيتساق، ئۆز ئەتراپىدىكى شارائىتتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشتىن ۋاز كېچىپ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان شا-رائىتنى ئىزدەيدۇ.

ئادەم شارائىتنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىغاندا ماكان ۋە زاماندىكى بارلىق كىچىك ھالقىلاردىن تارتىپ ئەتراپ-لىق كۆزىتىپ، ئاقىلانىلىك بىلەن تاللاش ۋە شاللاش ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ئېڭىدا توغرا پىلانلارنى تۈزىدۇ، ئان-دىن ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق شارائىتقا جەڭ ئېلان قى-لىدۇ. بۇنداق ئادەملەر قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ ئو-ڭۇشسىز شارائىتلارنى يېڭىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. كونىلاردا: «تاش چۈشكەن يېرىدە ئەزىز» دېگەن گەپ بار. بۇ، دەل ئۈچىنچى خىل ئادەملەرگە ماس كېلىدۇ. مۇستەھ-كەم ئىرادە، ئېنىق غايە، ئېتىقاد، يىمىرىلمەس روھقا ئى-گە بولمىغان ئادەملەر ئوڭاي ۋاز كېچىدۇ ۋە ئۆزگىرى-دۇ. شەيئىلەر ئۆزگىرىدۇ، ئەمما ئادەم تۈپ ئاساسىدىن

ئېيتقاندا، مۇتلەق ئۆزگەرتكۈچى بولۇپ، ھاياتلىق پائالىيىتى جەريانىدىكى رېئال چەكلىمىلەر ئۇنى مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ.

ھەرقانداق ئادەم شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئۇ ئۆزى بارلىققا كەلگەن ماكان تەمىن ئەتكەن ياخشى شارائىت باشقا جايلاردا نېسىپ بولۇشى تەس. چۈنكى، ئۇنىڭ ھاياتى بىر خىل ئەنئەنە ئىزچىللىقىدا بارلىققا كەلگەن ۋە سىجىل تەرەققىي قىلىپ يېتىلگەن. شۇڭلاشقا، ھەركىم ھاياتلىق شارائىتىنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئۆز ئېكولوگىيىسىنى قۇرۇشى ۋە قوغدىشى، ئۆزىنىڭ بۇرچى نۇقتىسىدىن شارائىتنىڭ ياخشىلىنىشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئادەم مەلۇم رايون، مىللەت، يۇرت، ئورۇننىڭ ئىدېئولوگىيە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە ئۇنداق ياكى بۇنداق زارلىنىش تۇيغۇسىدا بولۇپ، ئۆزىگە مۇۋاپىق شارائىتنى تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ. قىيىنچىلىقلار غىمۇ يولۇقىدۇ. ئەمما، ھەركىم خىزمەت، ئۆگىنىش، غايىنى رېئاللاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئورنى، بۇرچى ۋە شارائىتقا ھەقىقىي يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئازادىلىك ھېس قىلىدىغان كۆرەش قايناملىرىغا چۈشەلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرت سىڭدۈرگەن ئەجرىگە يارىشا زور ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ.

ئادەم ئەل- يۇرت ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا

قىلىش ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان شارائىتلار ئىچىدىن مۇۋاپىقىنى تاللاش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشاش ئۇسۇلىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئەكسىچە ئەھۋالدا، شارائىتنى خاتا مۆلچەرلەش كېلىپ چىقىدۇ-دە، ئۆز قىممىتى ۋە رولىنى نامايان قىلالماسلىق تۈپەيلى ئۈمىدسىزلىك، چارىسىزلىك، چۈشكۈنلۈك تۇيغۇسىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئادەم دەپ تونۇغاندىلا، نامۇۋاپىق ئىچكى ۋە تاشقى شارائىتلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆز تەقدىرىنى رېئال كۆرەش، ئەجىر-مېھنەت ئارقىلىق ئۆزگەرتىش ئېھتىياجىنى تۇرغۇزالايدۇ.



# ھەممىسى بىز ئۈچۈن

ھېلىمۇ ئېسىمدە، خېلى يىللار ئىلگىرى ئۆيدىكىلەر جەم بولغان سورۇندا ئاچام دۇنيادىن زارلاپ: «ئىنسان نېمىدېگەن چارىسىز، نېمىدېگەن يالغۇز؟ بۇ دۇنيانىڭ كىشىنىڭ ئۆلۈش- تىرىلىشى بىلەن قەتئىي كارى يوق!» دېۋىدى، دادام چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا: «ئىنسان يارىتىلىشتىن ئىلگىرى كېرەكلىك ھاياتلىق مۇھىتى تەييارلىنىپ بولغان. ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان بارلىق مەۋجۇدات ئەمەلىيەتتە ئىنسان ئۈچۈندۇر. كەڭ تەبىئەت ئىنسانىيەت بىلەن چوڭقۇر باغلىنىشلىققا ئىگە. ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا قانچە تىرىشقىنىمىز بىلەنمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق...» دەپ چۈشەنچە بەردى.

كېيىن مەنمۇ تۇرمۇش قوينىغا قەدەم قويۇپ، بېشىمدىن ئۆرگۈن ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزدۈم. گەرچە دادامنىڭ سۆزلىرى ھەدېگەندە ئېسىمدە تۇرمىسىمۇ، ھاياتلىق پائالىيىتىمنىڭ دەل شۇ قانۇنىيەت بويىچە داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. ھاياتقا چوڭقۇرلىغانسېرى تېخىمۇ چۈشىنىپ يەتتىمكى، كائىناتتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە بىز ئۈچۈن ئى-

كەن، ئەمما ھېچقانداق تەييار نەرسە يوق ئىكەن.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئادەم ئەلەيھىسسالام يەر-گە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، تەڭرى ئادەملەرنىڭ ئاچ-لىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن تەييار يېمەكلىك ئە-مەس، بەلكى بۇغداي دانلىرىنى زېمىنغا چۈشۈرۈپ بەر-گەن ئىكەن. يەر تەييارلاش، ئۇرۇق تىكىش، پەرۋىش قىلىش، ئورۇپ- يىغىپ دېنىنى ئايرىشتىن تاكى يېمەك-لىككە ئايلاندۇرغانغا قەدەر ئادەملەر نۇرغۇن مۇشەققەت چېكىدىكەن. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ ئىنسان ئۆز تۇر-مۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىزدىنىپ، ئەقىل ۋە كۈچ سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ كەلدى. ئۆزىنى ئۆزگەرتتى دېگەندە، ئىن-سانىنىڭ ئەقىل- پاراستى ۋە كۈچ- ئەمگىكى ئۆزى بوي-سۇندۇرۇۋاتقان تەبىئەتنىڭ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشى-دا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى پەقەت ئەجىر سىڭ كۈ-تۈش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىزدىنىش ئىچىدە كۈچەيتىپ كەلدى.

ھايۋانلارنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ۋە تاش قوراللارنىڭ ياسىلىشىدىن تارتىپ سۈنئىي كۆل، دەريا، تاغ، ئارال، توسما، ھەرخىل ئىستانسا، زاۋۇت، كان- كارخانا، سۈن-ئىي ھەمراھ، ئاتوم بومبىلىرىغىچە بارلىق نەرسە ئىنسانغا تەئەللۇق بولدى. بۇ مەنسۇپلۇق بىكاردىن - بىكار قولغا

كەلمىگەن، بەلكى ھەسەل ھەرىسى ئىجتىھات قىلغان-
دەك، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان
تۈرلۈك دېتال - ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن باي-
قاپ ۋە توپلاپ، ئەقىل- پاراستى، كۈچ- قۇۋۋىتى ئارقى-
لىق ئىجادىي بىرىكتۈرۈشى نەتىجىسىدە نېسىپ بولغان
ئامەتتۇر.

ئىنسان تەبىئەت قوينىغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى، ئۇ-
نىڭ ئەقىل ۋە جىسمانىي كۈچ مۇمكىنچىلىكلىرىگە مۇۋا-
پىق ھەم ئېھتىياجىدىن چىققۇدەك تەبىئەت سىرلىرى
بەخشەندە قىلىنغان. ھالبۇكى، ئۇنىڭ كامالىتى ۋە
بەخت- ئاسايىشلىقى ئاشۇ سىرلارنى يېشىش يولىدىكى
ئىجادىي تىرىشچانلىقى ئارقىلىق قارار تاپىدۇ.

تەبىئەت قوينىدا بىزنىڭ ئېچىشىمىزنى كۈتۈپ تۇ-
رۇۋاتقان سىرلار ناھايىتىمۇ كۆپ. كىشىلىك دۇنياسى-
دىكى تېگىشلىك ئورنىمىزنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن تە-
خىرسىزلىك بىلەن ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىز
ئۈچۈن «يارىتىلغان» نەرسىلەر پايدىلىنىشىمىزنى كۈ-
تۈپ تۇرماقتا. ئىنسانىي ئىقتىدارىمىزنى يۈكسەك دەرى-
جىدە جارى قىلدۇرۇپ، مەۋجۇتلۇقىمىزنى دۇنياغا تونۇ-
تۇش پۈتۈنلەي ئۆزىمىزگە باغلىق.

بىز ئەقىل- پاراستىمىزنى ئەڭ ئۈنۈملۈك جارى
قىلدۇرۇپ، ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بارلىق

نەرسىلەرنى تەبىئەتتىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئالساق، ئاندىن ياشىغىنىمىزنىڭ ۋە تەبىئەتتىكى ئىنسانغا تەۋە مەۋجۇت- لۇقنىڭ ئەھمىيىتى بولىدۇ.



# تەقدىرنى پىلانلاش كېرەك

قاچانلاردىدۇر، ئۆيدىن بىر مەزگىل ئايرىلىشىمغا توغرا كەلدى. ئۆزۈمنىڭ تاللىغان يولى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلۇم مېنى مۇستەقىل ياشاشقا مەجبۇرلىغان ئىدى. ھەر قېتىم تۇرمۇش يۈكى يەلكەمنى باسقىنىدا كەلگۈسۈمنىڭ تاشقى ئامىللاردىن كۆرە، ئۆزۈمگە باغلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتىم. چۈنكى، دادام كىچىكىمدىنلا مەندە شۇنداق بىر خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەنكى، پات ـ پات ماڭا ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنىغان ئايلانغان كىشىلەر ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. گەرچە دادام سۆزلىرىدە ئېنىق قىلىپ: «سەن ئۇلاردىن ئۈلگە ئال» دېمىگەن بولسىمۇ، مەن ھەر قاچان شۇنداق مەقسەتنى سېزەتتىم.

مانا، يېشىم 30 غا يېقىنلاشتى. نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆمرۈمنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۆتۈپ كەتتى. تېخى بىر موردىن تۈتۈن چىقارمىغان، كىشىلەرگە ئۈلگە بولغۇدەك ھايات ئىگىسىگە ئايلىنالمىغان بولساممۇ، دادام ماڭا سىڭدۈرگەن «تەقدىرنى بويسۇندۇرۇش» روھى ھېلىھەم زور ئۈمىد ۋە ئىلھام بەخش ئېتىپ تۇرىدۇ.

گەرچە بىز تىپىك ئىسلام مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلـ-
سەكمۇ، دىنىمىزنىڭ تەقدىرچىلىكنى شۇئار قىلمايدىغانـ-
لىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. ئىجابىيلىقتا ئېگە دىنىي
كالاملارنىڭ مەنىسىنى يېشىپ ئولتۇرمايلا ئۆز تۇرمۇشىـ-
مىزغا نەزەر سالغىنىمىزدا، قانداقتۇر بىرەر غايىب مۇقەر-
رەرلىكنىڭ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى پىكرەن دەلىلـ-
لەيمىز. ئىنسانلار پەيدا بولۇپ تا ھازىرغا قەدەر پەقەت
ئۆزى سەۋەبىدىنلا بەختسىزلىككە ئېرىشتى،
قولغا كەلتۈرۈش ۋە يوقىتىشقا دۇچ كەلدى. كىشىلىك
دۇنياسىدىكى رەھىمسىز رىقابەت گەرچە كىشىلەرنى
ئوخشاشمىغان قىسمەتلەرگە ئىگە قىلسىمۇ، ماھىيەتتە
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ياشاش يولىنى تاللىشى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

دادام يەنە شۇنداق دەيتتى: «ھېچكىمنىڭ پېشانىـ-
سىدە خەت بولمايدۇ، ئۇنى ھەربىر ئادەم ئۆزى يازىدۇ.
شۇڭا، كۆڭۈلدە سان بولۇشى كېرەك.»

شۇنداق، ھايات بىزگە نېسىپ بولغان ئىكەن، ئۇ-
نىڭدىن ئەركىن پايدىلىنىشقا ھوقۇقىمىز بار. قانداقتۇر
ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان «تەقدىر» دېگەن نەرسە
مەۋجۇت ئەمەس. «كۆڭۈلدە سان بولۇش» دېگەنلىك
ئەمەلىيەتتە تەقدىرنى پىلانلاش دېگەنلىكتۇر.

بىز پايدىلانماقچى بولغان ھايات ئاشۇ پىلاننى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەن بولۇپ، ناھايىتى

تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. پۇرسەتكە نىسبەتەن ئەتراپلىق پىلانىمىز بولمايدىكەن، مەغلۇبىيەت ھامان بىزنى تەقدىرچىلىك بوسۇغىسىغا تاشلىۋېتىدۇ. تەقدىرچىلىك ئۆز-ئۆزىگە ئىگە بولالمىغان، غايىسىز، روھسىز كىشىدلەرنىڭ غەپلەت بۆشۈكى ۋە بىمەنە دەستىكىدىن ئىبارەت، خالاس.

ھەرقانداق بىر بىنا لايىھە ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگىنىگە ئوخشاش، ھاياتمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئەتراپلىق، توغرا پىلانلاش ئارقىلىق ماقامىغا يېتىدۇ. شۇڭا، ئەتراپىمىزدىكى مەۋجۇدىيەتكە نەزەر سېلىپ، ئۆز تەقدىرىمىزنى پىلانلىشىمىز ۋە تەخىرسىزلىك بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۆز تەقدىرىنى پىلانلىيالمىغان كىشىلەرنىڭ سۆيۈنگۈدەك تەقدىرىنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ھەربىر ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ پىلانلىغۇچىسىدۇر.



# رىقابەت ۋە پۇرسەت

رىقابەت ـ بەسلىشىش دېگەنلىك بولۇپ، نۆۋەتتە دۇنيادىكى ھەربىر ئادەم، مىللەت ۋە دۆلەتكىچە بولغان كەڭ دائىرىلىك ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندى. زاماننىڭ تەرەققىياتى ماكانىنى تارلاشتۇردى. ھەربىر گەۋدە ئۆز مەۋجۇتلۇقى ۋە ئورنى ئۈچۈن تەخىرسىز رىقابەت دەۋرىنىڭ كەڭ سەھىپىسىنى ئاچتى، ھەتتا بىر ئۆيدىكى ئادەمدىن تارتىپ بىر ـ بىرىگە جىددىيلىك نەزىرى بىلەن تىكىلىشىۋاتقان بۇ كۇنلەردە ھاياتلىق ماكانىنى، ياشاش ھوقۇقىنى تالىشىش ئاساسىي مېلودىيىگە ئايلاندى. دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقلىي ئىقتىدار، كومپيۇتېرلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى، كلون تېخنىكىسى، نامى پەن ـ تېخنىكىسى، گېن ۋە ھۈجەيرە تەتقىقاتى، ئالەم تەتقىقاتى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىقلار ھاياتلىقنىڭ سۈرئىتىنى مىسلىسىز تېزلىتىۋەتتى. ئادەملەر جىددىيلەشكىنىدىن ئۆزلىرىنى ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كېتىۋاتقاندەك سېزىشمەكتە. ئىشقىلىپ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى مۇناسىۋەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىنچىكىلەشتى. ھەربىر ئادەم، ھەربىر مىللەت ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەش

قولدەك روشەنلىشىپ بارماقتا، شۇنداقلا بۇ پەرق كونكـ-
رېت شەخسلەرنىڭ ساپاسى ۋە تىرىشچانلىقىغا باغلىـق
ئىكەنلىكى بارغانسېرى ئېنىق گەۋدىلەنمەكتە.

مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت چوڭقۇر رىـقابـەت ئا-
ساسى بىلەن باغلانغان بولۇپ، شەخـس ۋە دۆلـەت ۋۇ-
جۇدىدىكى ئورتاقلىق بىلەن كۈرەشنىڭ دەرىجىسـى ئۇ-
نىڭغا يېڭى مەزمۇنلارنى ھەدىيە قىلماقتا. بىر ئادەمنىـڭ
ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشى ۋە بەلگىلىك تەرەققىيات ئارقى-
لىق ئۆزىنى نامايان قىلىشى ماھىيەتتە ئۆز خەلقـى ۋە دۆ-
لىتىنىڭ تەرەققىياتى، مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئىكەنلىـكى
مۇقەررەرلەشتى. قانچىلىك زورۇقـۇش، ئەنـسـىرەش ۋە
قورقۇشتىن قەتئىينەزەر، رىقابەت ئەڭ ئەقەللىـيـسـى ئۆز
نېنىمىزنى تېپىپ يېيىشىمىزدىكى جەڭ مەيدانىـغـا ئايلاند-
دى. ئاچ قالماسلىق ئۈچۈن بولسىمۇ باشـقـىلار بـىـلـەن
بەسلىشىشكە، پۇرسەتنى تالىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

خۇددى بوۋىمىز ئابدۇقادىر ۋارىس قەشقەرى ئېيتـ-
قاندەك: «بۇ ئويغىنىش دەۋرى»، ئۇيقۇ ۋە غەپلەت دەۋ-
رى ئەمەس. ئويغىنىش دېگەنلىك ئادەم ئۆزىـدە روھـىـي
سىلكىنىش پەيدا قىلىش ۋە تەقدىرگە نىسبەتەن مەسئۇ-
لىيەتچان پوزىتسىيىدە دادىل يۈزلىنىش دېمەكتـۇر. قـاند-
چىلىك قۇربىمىز يەتسە، شۇنچىلىك تىرىشىشىمـىـز كـې-
رەك. ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈنمـۇ بـەخـ-
تىيار ھاياتلىق ماكانى ھازىرلاش بىـزنـىـڭ مـۇقـەددەس

بۇرچىمىز.

رىقابەتكە قاتنىشىپ بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە پۇرسەت كېرەك. پۇرسەت — ۋاقىت، شارائىت ئىمكانىيەت دېگەنلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىگە خاس نۇرغۇن ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسىدىن پايدىلىنىش پۈتۈنلەي ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. پۇرسەت ۋۇجۇدىمىزغا، ئەتراپىمىزغا تۈرلۈك شەكىلدە كۆمۈلۈپ ياتىدۇ. بىز بۇ دۇنياغا ھاياتلىق ماكانىمىزدىكى ۋە ۋۇجۇدىمىزدىكى بايلىقلارنى قېزىپ چىقىرىش ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە كۈچ- قۇدرىتىمىزنى ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. ئەگەر ھاياتلىق ئۆز ئۈلگىسىگە ئېرىشىپ تۇرمىغىنىدا، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن.

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئانچە كۆزىمىزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بىردىنلا ئۆز ساھەسى ۋە قىزىقىشى بويىچە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى بايقايمىز. لېكىن، قانچە ئويلىغان بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ قانداق پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، رىقابەتتە قانداق ئۇتۇپ چىققانلىقىنى بىلىپ كېتەلمەيمىز. ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئەمەس. ئۇلار پەقەت ۋۇجۇدىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى پۇرسەت ئامىللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانـ

غان، خالاس.

رىقابەت ماھىيەتتە تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدۇ. ھېچقايسىمىز ئۆنىڭدىن مۇستەسنا ياشىيالمايمىز. قايسى-بىر ئەدىب ئوبرازلىق قىلىپ: «قولۇڭدا لىمون بولسا لى-مون قىيامى ياسىغىن» دېگەن ئىكەن. رولىمىزنى جارى قىلدۇرالىغۇدەك پۇرسەتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولۇ-شىدىن قەتئىينەزەر، ھەددىدىن زىيادە زورۇقۇپ ياشاش-قا بېرىلمەسلىكىمىز كېرەك. بۇنىڭدىكى ئاددىي ھەقى-قەت شۇكى، قولىمىزدىكى بىر تال ئالما ياكى بانان، ئاز-غىنە ۋاقىت، ھېچبولمىسا بەدىنىمىزدىكى يەتتە ئەزانىڭ بېجىرىملىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزنى كۆڭۈلدىكى-دەك ۋاستە ۋە ئۇسۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ. مۇھىمى، بىز-دە ياشاش مەقسىتى ۋە ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تەۋ-رەنمەس قەتئىي ئىرادە بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە!



# ئەڭ زۆرۈر بىلىمگە ئىنتىلىڭ

ھەممىگە مەلۇمكى، كىشىلىك تۇرمۇش ئادەمدىن ناھايىتى كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەم ھەر ۋاقىت بىلىمگە موھتاج بولىدۇ. ئادەملەر بىلىم، ئىقتىدار جەھەتتە پەرقلەنگەچكە، جەمئىيەتكە بېرىدىغىنى ۋە جەمئىيەتتىن ئېرىشىدىغىنى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما، بىز ئالدىنقىلارنىڭ مۇقەررەر ھالدا كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۈلگە بولىدىغانلىقىنى بىلىپ - بىلمەي تەن ئالىمىز ھەمدە شۇ ئۈلگە بويىچە ياشايمىز.

دۇنيا خىلمۇخىل ئىشلار بىلەن تولغان. قىلىنىدىغان، قىلىنىۋاتقان ۋە قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار بىزنىڭ ھاياتقا بولغان زوقىمىزنى ئاشۇرۇپلا قالماي، مەۋجۇتلۇقىمىز ۋە تۇتقان ئورنىمىز ئۈچۈن بارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. نېمىلا دېيىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ھاياتلىق رىقابىتى تەخىرسىزلىك بىلەن بىزنى كۈتىدۇ. ناھايىتى قىسقا ئۆمۈر مۇساپىمىزدە ئىشنى ناھايىتى تېز، سۈپەتلىك، نەتىجىلىك ئورۇنداپ، ياشاشتىن ئىبارەت بۇ مەجبۇرىيەتنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك، شۇندىلا ھاياتىمىزنى تولۇق مەنىگە ئىگە قىلالايمىز.

ھايات ئىنسانغا نېسىپ ئېتىلگەندە پاك ۋە مۇرۇۋۋەت-
لىك بولسىمۇ، ياشاش جەريانىدا بەزىلىرىمىزنى ناپاك-
لىق ۋە گۇناھ تورلىرى چىرمىۋالغان. شۇڭا، تەبىئەت
ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىشى-
مىز قىيىنغا توختايدۇ.

ئۇرغۇن ۋاقتىمىزنىڭ مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىشى بىز-
نىڭ ھاياتقا توغرا مۇئامىلە قىلالمىغىنىمىزنىڭ نەتىجى-
سى. ئادەممۇ خۇددى گىياھقا ئوخشىشىدۇ. ئۇ قانداق
جايغا قانداق شەكىلدە تىكىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ھايات-
لىق دۇنياسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئەزاسى
ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆز-ئۆزىدىنلا بىر مەسئۇلىيەت بو-
لۇپ، ئۆزىمىزنى ئۆلگىلىك ئەزا قاتارىغا قويالمىساقمۇ،
لاياقەتلىك ئەزا بولۇشتەك مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلى-
شىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئۆزىمىز-
گە ئەڭ زۆرۈر بولغان بىلىمنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت.

بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشى تېز بولۇۋاتقان بۈگۈنكى
كۈندە، ئۆز ئىقتىدارىمىز ۋە رولىمىزنى ئۈنۈملۈك جارى
قىلىش ئۈچۈن، زۆرۈر بىلىمگە ئىگە بولۇش ھازىرقى
دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە ھاياتلىق ئورنىنى ئىزدەۋاتقان بار-
لىق كىشىلەرنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ قال-
دى. قانداق كەسىپ، قايسى خىل تۇرمۇش يولىنى تال-
لىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ھايات مۇساپىمىزنى نەتىجى-
لىك داۋام ئەتكۈزىمىز دەيدىكەنمىز، ئەلۋەتتە، ھازىرقى

دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان بىلىم- ئىقتىدارغا ئە-
گە بولۇشىمىز كېرەك. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئۇستازى ئاب-
دۇراخمان جامى شۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئەڭ زۆرۈر
بىلىمنى ھەۋەس بىلەن ئۆگەن، زۆرۈر بولمىغاننى ئىز-
دەپمۇ يۈرمە. زۆرۈرىنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئاڭا
ئەمەل قىلماي ئۆمۈر ئۆتكۈزمە».

دەرۋەقە، ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىدا سان- ساناقسىز
تەجرىبىلەرنى توپلىغان. قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان
بىلىمنىلا ئەمەس، بۈگۈنكى دۇنيادىكى بىلىملەرنى ئىگە-
لەپ بولۇشمۇ ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ. بىز ئېيتىۋاتـ-
قان «ھارماي - تالماي بىلىم ئىگىلەش»نى ئىشقا ئاشۇر-
غاندىمۇ بۇ تەلەپكە يەتكىلى بولمايدۇ.

ئىنسانىيەت توپلىغان بىلىم- تەجرىبىلەرنى ئىگە-
لەش ھاياتلىق ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە كەم
بولسا بولمايدۇ. ئەمما، ھاياتلىق دۇنياسىدىكى بارلىق بى-
لىملەرنى ئىگىلەش زۆرۈر ئەمەس ھەم مۇمكىن ئەمەس.
خۇددى پۈتكۈل ھاياتىنى ئىلىم- پەن ئۇستىدە ئىزدى-
نىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، 200 دىن ئارتۇق ئىلمىي، ئەدە-
بىي كىتابلىرى بىلەن جاھان كلاسسىكلىرى قاتارىدىن
ئورۇن ئالغان پەيلاسوپ بوۋىمىز فارابى: « بىلگەنىسىرى
بىلدىم بىلمەسلىكنى ئاخىر» دېگەندەك، بىلىش يول-
نىڭ چېكى بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئىزدىنىشلىرىمىز نەتىجى-
سىدە بىرنى يېڭىدىن - يېڭى ئىزدىنىشلەرنىڭ بوسۇغى-

سىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما، بۈگۈنكى دۇنيادا ھاياتلىق ئىقتىدارىمىزنى نامايان قىلىشقا كېرەكلىك ئەڭ زۆرۈر بىلىملەرنى ئىگىلەش بىز ئۈچۈن بىردىنبىر چىقىش يولىدۇر. ئەمەلىيەتتە، ياشاش ئۈنچىۋالا ئۇرغۇن پەلسەپەۋى بىلىملەرنىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ. بىزگە پەقەت ئۆز ئورنىمىز ۋە مەۋجۇتلۇقىمىزنى نامايان قىلالايدىغان كونكرېت ئىقتىدار كېرەك.

ياشاشتىن ئىبارەت بۇ جەڭدە ئۇتۇپ چىقىمەن دەيدىكەنمىز، ئۆز رېئاللىقىمىزنى چىقىش قىلىپ، ئىقتىدارىمىز ۋە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىشكە تۈرتكە بولىدىغان بىلىملەرنى تەخىرسىزلىك بىلەن ئىگىلەپ، رىقابەتتە زەپەردەست تۇرۇشىمىز كېرەك. زورۇقۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوقكى، مۇستەقىل ياشاش بىزدىن ناھايىتى زور غەيرەت ـ ئىرادىلا ئەمەس، ئەڭ زۆرۈر بىلىمنى تەلەپ قىلماقتا.

كۈن ئۆتكۈزۈپ ياشايدىغان ھاياتنىڭ قۇرت-قوڭغۇزدىن پەرقى يوق. قىممەت يارىتىپ ياشاشنى مەقسەت قىلىدىكەنمىز، ئەتراپىمىز ۋە ئۆزىمىزدىكى بارلىق ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەتنى ماھىرلىق بىلەن بايقاپ، ئۇنى ئىگىلىگەن زۆرۈر بىلىمىمىز بىلەن ئەمەلىي نەتىجىمىزنىڭ پەلەمپىيىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

زۆرۈر بىلىم دېگىنىمىز، ئوچۇقراق ئېيتقاندا، بىر نانى 10، ھەتتا 100 ئادەم تالىشىدىغان بۈگۈنكى دۇنيادا

تېگىشلىك نېسىۋىگە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن بىۋاستە ئەس-قاتىدىغان بارلىق بىلىم ۋە ئىقتىدارنى كۆرسىتىدۇ.

دوستلار: ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن زۆرۈر بىلىمگە ئىنتىلەيلى!



# ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە سۆيۈش كېرەك

چۈشتىن بۇرۇنقى ئىككى سائەتلىك ئىمتىھان ۋە ئىككى سائەت دەرس ئېغىر كېلىپ چارچاپ كەتكەچكە-مىكىن، تاماقنى يەپلا ئۇيقۇغا باش قويدۇم. چۈشتىن كېيىن سائەت 2 لەرگە يېقىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ دەرس تەكرارلاش، كىتاب ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئاد-دىن ئۆزۈم يالغۇز سىرتقا چىقتىم. قەشقەردىكى ھەممى-گە تونۇشلۇق بۇ چوڭ بازاردىن جاھاندىكى ھەممە نەر-سە تېپىلىدۇ دېسەم مۇبالىغە بولمايتتى. ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى زامانىۋى سودا بىلەن يەرلىك سودا، زامانىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن يەرلىك مەھسۇلاتلار، چەت ئەللىكلەر بىلەن جۇڭگولۇقلار، دېھقانلار بىلەن باشقا تەبىقە كىشىلىرىنىڭ شۇنداق زىچ ئارىلاشقان ھال-دا سودا قايىنىمىغا كىرىپ كەتكىنى ئىدى. بۇنى بىر خىل ئەبجەش مەدەنىيەتنىڭ قايىنىمى دېيىشكىمۇ بولات-تى. ئەمما، «ئالارمەندىن ساتارمەن كۆپ»، شۇنداق ۋا-راڭ - چۇرۇڭلۇق بازاردىن بىرنەرسە سېتىۋېلىش نىيى-تىم بولمىغاچقا، كىتابخانىلارنى ئارىلاپ كېلىش مەقسى-تىدە شەھەر مەركىزى تەرەپكە بۇرۇلدۇم. گەرچە يول بويى خىلمۇخىل ئادەملەر ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرنى تاما-

شا قىلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلساممۇ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلـ-
دىغاندەك ئەمەس ئىدى. موكىدەك ئۆتۈشۈۋاتقان هاياتـ-
لىق رىتىمىنىڭ تېنىمسىز قايىنىمىدا تۇرۇپ ئۆز مەۋجۇتـ-
لۇقۇمنى ناھايىتىمۇ گۇڭگا ھالدا قىياسىمغا كەلتۈرۈ-
شۈم مېنى چوڭقۇر ئويلارغا دۇچار قىلاتتى.

كىتابخانىدا يېڭى كىتابلارنى كۆرۈپ كەيپىياتىم
تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى. ئىلگىرىكى ئارزۇلىرىمنىڭ
تېخىچە ئارزۇ پېتى تۇرغىنى يادىمغا كەلسىلا، ئىچىمنى
بىرنەرسە تاتىلىغاندەك بولۇپ بىئاراملىقتا چۆمەتتىم.
كىتابخانىدىنمۇ ناھايىتى مەيۈس ھالەتتە قايتىپ چىقتىم-
دە، خۇددى يولدىن ئېزىپ قالغان ئادەمدەك، سەيناادا
بىرھازا ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن، ھېيتگاھ مەيدانىغا
قاراپ ماڭدىم.

ھېيتگاھ ئالدىدىكى يەرلىك پۇراققا ئىگە كەچلىك
بازار كىشىدە ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل بەختىيارلىق تۇيغۇ-
سى قوزغايتتى. ئەمما، گۈللۈك رىشاتكىغا يۆلىنىپ تو-
رۇشقان توپ ـ توپ مەدىكارلارنى ۋە ئەتراپتا خېرىدار
چاقىرىپ تووۋلاۋاتقان كاۋاپچى، دوغاپچى، پولۇچى...
دېگەندەك بىرنەرسە سېتىۋاتقانلارنىڭ ئاۋازىنى بىر پۈ-
تۈن تۇرمۇش مەنزىرىسى سۈپىتىدە كۆرۈشنى خالىمى-
دىم. شۇ تاپتا، مەندەك بىر نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ئىقتى-
سادىي ئەھۋالى، روھىي ھالىتىمۇ ھەرگىز ئۇلاردىن قې-
لىشمايتتى. ئۆزۈمنىڭ 28 ياشلارغا ئۇلاشقان تۇرۇقلۇق-

مۇ ئاتا- ئانامغا يۆلىنىپ ياشاۋاتقانلىقىمدىن قاتتىق ئۆ- كۈندۈم ۋە ئار- نۇمۇسقا پاتقان بىچارە ھالىتىمگە سەپ- سالدىم. ھەرقانچە قىلساممۇ، ئاشۇ مەدىكارلار چىلىك جۈرئەتلىك ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلغىنىمدا ھەممە نەر- سىدىن رايىم قايتتى. يازنىڭ دىمىق ئاخشىمىدىكى قاي- ناق ھايات سەھنىسىدە ئۆزۈمنى شۇنداق يەككە- يېگانە ھېس قىلدىمكى، شۇ تاپتا گويا باش- ئايىغى يوق قۇم- لۇقتا ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتقان بىچارە يولۇچى ئىدىم.

نېمىشقىكىن، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، مۇ- شۇنداق ئۆزىنى كەمسىتىش تۇرىدىكى مىسكىن خىد- ياللاردىن قۇتۇلالمايۋاتاتتىم. گەرچە روھىمغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ تۇرىدىغان كۈچلۈك بىر مۇھەببەت بول- سىمۇ، پەقەت ئۆزۈم ۋە دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى قىيپالغاچ مۇناسىۋەتتە ئۆزۈمگە تايانماي بولمايتتى. سەن قانداق خىيال ۋە ئىشقا ھەلەك بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، ھايات- لىق كارۋىنى ئۆز يولىغا راۋان بولۇۋېرىدۇ. ھېچكىم بۇ- نىڭغا ئارىلىشالمايدۇ، ھەتتا يېقىن دوست - يارىڭ، ئاتا- ئاناڭنىڭمۇ سەن بىلەن كارى بولمايدۇ. دېمەك، ھەممى- مىز يەككىلىكتە ياشايمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا، ھا- ياتنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئويلىشىمىز، قانداق ياشاش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشىمىز مۇمكىنمۇ؟

بىز يەككە ھالىتىمىزنى بىر كىشىلىك ئورۇن ۋە مەۋجۇدىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئېتىراپ قىلالىساقلا،

ئاندىن ئۆز قىممىتىمىزنى تونۇپ يېتەلەيمىز. ئادەم كىشىلىك دۇنياسىدىكى قىممىتىنى تونۇپ يەتكەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ بارلىق ئوي- ھەرىكىتى ئىجابىي رەۋىشتە تەخىرسىز داۋام قىلىدۇ.

ئادەم ئۆزىنى بىر خىل ھاياتنى قىزغىنلىقتا ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرمىغاندا چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پاتىدۇ، ئۆز- ئۆزىنى ئىنكار قىلىپ، يوقلۇققا يۈزلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەممىمىز ھايات خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىجادىي ياشاشقا نىسبەتەن ئۆزىمىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشنى بىلمىگەنلىكىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلەنمىگەنلىكىمىز سەۋەبىدىن، كۈچىمىزنى بىھۇدە خورىتىپ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز. مەن ئويلايمەن، ئەگەر مېنىڭ ھازىرقى خىيالىم ئەترابىمدىكىلەرگە ئايان بولسا، ئۇلار ماڭا قانداق قارىشار؟ ئەلۋەتتە پەرۋا قىلمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر- بىرىگە ئېتىبارسىز ھالەتتە ئۆز يولىنى داۋام ئېتىۋاتسا، مەن نېمىشقا چۈشكۈنلۈك ئىلكىدە لاغايلاپ يۈرىمەن؟ راست، ئۆزۈمنى زورمۇزور ئازابلاشنىڭ، ھەرىكەتكە كەلمەي، يوق غەملەرگە پېتىشمىنىڭ ھاجىتى يوقتە ؟!

ئىنسان خۇشاللىقنىمۇ، قايغۇنىمۇ ئوخشاشلا تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمما، قىسقىغىنە ھايات مۇساپىسىنى خۇشاللىق ئىزدەشنىڭ خەيرلىك سەپىرىگە ئايلاندۇرالماسلىقىنى ھەركىشى ئۆزىدىن كۆرۈشى كېرەك.

ئۆز ھاياتىمىزغا مەسئۇل بولۇش نۇقتىسىدىن بولسىمۇ، ئۆزىمىزنى ئىلھاملاندۇرۇشقا، جۈملىدىن ئۆزىمىزنى سۆيۈشكە ئادەتلىنەيلى. چۈنكى، ئادەمگە پەقەت ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇش، ئۆزىنى سۆيۈشلا ياردەم بېرەلەيدۇ.

«سەن گۈلنى مەڭگۈلۈك سۆيگىنىم دېمە،
ئۇ، پەسىل ئالماشسا تۈگىشەر قۇرۇپ.
قۇياشنى يارىم دەپ خام خىيال يېمە،
كېچىسى يوقايدۇ، كۈندۈزى يورۇپ؛
چۈشەنگىن، سۆيگۈنىڭ مەنىسى نېمە؟
ئۆزۈڭنى سۆيۈشنى چۈشەنمەي تۇرۇپ،
يۈرمىگىن ئۆزگىگە ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ.»*



* تۇرغۇن يىلتىزنىڭ «سۆيگۈ تۇمارلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن.

# ئىختىيارسىز ياش تۆكۈش

ئەگەر يېقىن ئادەملىرىڭىزنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرگە دۇچار بولغىنىنى كۆرگىنىڭىزدە ياكى ئەسلىگىنىڭىزدە، قەلبىڭىز ئىنسانىي ھېس- تۇيغۇلارغا باي بولسا، جەز- مەن ئىختىيارسىز ياش تۆكىسىز. نورمال تۇرمۇش شارا- ئىتىدا يىغا سىزگە بىمەنە تۇيۇلۇشى تۇرغان گەپ. ھەت- تا بەزى چاغلاردا جەمئىيەتتە خېلى چوڭ ئىشلار يۈز بەرسىمۇ خىيالىڭىزغا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىغىنى ھېچكىم خالاپ كەتمەيدۇ. لېكىن، تۇرمۇشنىڭ بىز كۆ- رۈۋاتقان ۋە كۆرىدىغان نۇرغۇن سەھىپىلىرى بار. كەل- گۈسىگە نىسبەتەن قانچىلىك ئۇلۇغۋار غايىلەردە بولۇشى- مىزدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۆزىمىزنى پاك بىر يۈرەككە ۋە ئادىمىي ھېس تۇيغۇلارغا ئىگە ئادەم ھېسابلىغىنىمىز- دا ياكى شۇنداق تۇيغۇلار ئىچىدە ياشىغىنىمىزدا، يۈرە- كىمىزدىكى ئازابلار چوقۇم ئويناق كۆزلىرىمىزدىن ئىخ- تىيارسىز ياش ئاقتۇرماي قالمايدۇ. بەزىلەر (ئەرلەر) يۈ- رىكىدە يىغلاشقا ئادەتلەنگەن. بەزىلەر (ئاياللار) ئۈنلۈك يىغلاپ ياش تۆكۈشكە ئادەتلەنگەن. بەزىلەرنىڭ نەزە- رىدە بۇ بىر فورمۇلىغا ئايلانغان. ئەمما، ھاياتتا ھەرقان- داق بىر ئادەمگە نىسبەتەن ھامان ئاشكارا ياكى يوشۇ-

رۇن، ئۇنىسىز ياكى ئۇنلۇك يىغلاش نۇۋىتى كېلىپ تۇ-
رىدۇ، شۇنداقلا يەنە ئۆزىنى، دۇنيانى ۋە باشقىلارنى
چۈشەنگەن ئادەملەرگە نىسبەتەن ئىختىيارسىز ياش تۆ-
كۈش نۆۋىتىمۇ نېسىپ بولىدۇ. ئىختىيارسىز ياش تۆ-
كۈشمۇ بىر پۇرسەت بولۇپ، ئۇ سىزنىڭ سىرتقى دۇنيا
ھەققىدە ئويلىنىشىڭىزنىڭ نەتىجىسى. مەلۇمكى، باش-
قىلار بىلەن بولغان ھايات مۇناسىۋەتلىرىڭىز جەريانىدا
بەزى ئىشلارنى قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشىڭىزغا، باھا بې-
رىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ، شۇنداقلا كۆز ئالدىڭىزدا
يۈز بېرىۋاتقان بەزى ئىشلار تەپەككۇر كۆزىڭىز بىلەن
قارىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر قەلبىڭىزدە يۈز بەر-
گەن ۋە بېرىۋاتقان ئىشلارغا نىسبەتەن ئاز - تولا ۋىجدا-
نىي پوزىتسىيە بولىدىكەن، ئۇ ھالدا چوقۇم ئىختىيار-
سىز ياش تۆكۈپ قالىسىز. ھايات خۇشاللىق، قايغۇ،
ئۆكۈنۈش، ھەسرەت بىلەن تولغان. مۇبادا ئۆزىڭىز ۋە
باشقىلارغا نىسبەتەن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى-
ڭىز بولمىغىنىدا، ھاياتىڭىزنىڭ قىممىتى ۋە ھەقىقەت
ئۈستىدە ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ھەرقانداق ئەھۋالدا يىغلىمايدىغان ياكى يىغلاشنى
بىلمىگەن ئادەمنى قەيسەر دېيىشتىن كۆرە، بىنورمال ھې-
سابلىغان تۈزۈك. چۈنكى، يىغلاش قانداقتۇر مىسچان-
لىق قىلىپ ياش تۆكۈشتىن، لايغەزەللىكتىن دېرەك
بەرمەيدۇ. چۈشىنىشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، شۇن-

داقلا روھىمىزنى يېتىلدۈرۈشتە ئۇ بىلگە، بىرنەچچە مىدىنىيەت ياش تۆكۈشكە موھتاج بولىمىز، لېكىن ھەدېگەندىلا بۇنداق پۈرسەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

بىز يەھۇدىيلارنىڭ يىغا تېمىسى ئالدىدىكى مىللەت خاراكتېرلىك ياش تۆككىنىنى يا بولمىسا ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە ئۆز دۆلىتىگە شەرەپ كەلتۈرگەن ياكى ئۆز دۆلىتىنىڭ شەرىپىنى يوقاتقان كىشىلەرنىڭ قېرىنداشلىرى، خەلقى ئالدىدا ياش تۆككىنىنى ئاڭلىغانمۇ؟ شۇنداق، ياش تۆكۈش بىر خىل ئېپتىخار ۋە ھوقۇقنىڭ، شان-شەرەپ ۋە نومۇسنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، نۇرغۇن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاددىيسى، چوشقا تېرىسىدىن ياسالغان بىر دانە پۇتبول پۇتكول يەرشارىدىكى بارلىق ئادەملەرنىڭ قەلبىدە چەكسىز داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلماقتا. سىياسىيدىن باشقىغا قىزىقمايدىغان زۇڭتۇڭلاردىن تارتىپ، كۆڭلىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشتىن باشقىغا قىزىقمايدىغان ئادەتتىكى پۇقرالارغىچە ئاشۇ كىچىككىنە يۇملاق نەرسە ئۈچۈن ئاجايىپ خىياللارغا چۆمۈلىدىغىنى يوق دېيەرلىك. دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا پەقەت تەنتەربىيىلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن ئىشلاردا پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۆز خاسلىقى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ھاياتلىق ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. بىز ئاشۇ رىقابەتكە غايەت زور ئۈمىد ۋە تىرىشچانلىقلىرىمىز

نەتىجىسىدە قاتنىشىش شەرىپىنى قولغا كەلتۈرگەن. يە-
نە ئابدۇشۈكۈر، ئادىل ۋە باشقا ساھەلەردە ئارقا- ئارقى-
دىن ئۆزىمىز ۋە ئۆزگىلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئې-
رىشۋاتقان كىشىلىرىمىز قازانغان شان- شەرەپلەرگە نە-
زەر سالغىنىمىزدا، كۆزىمىزگە ئىختىيارسىز ياش كېلى-
دۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ سەۋەبى، ھەربىرىمىز گەرچە ئۆزى-
مىزنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ياشاۋاتقاندەك قىلساقمۇ،
ئەمەلىيەتتە كىچىككىنە يەلكىمىزگە بىر مىللەت، بىر
خەلقنىڭ ئۈمىد- ئارزۇسى يۈك سۈپىتىدە ئارتىلغان.
بىزدىكى ئۇلۇغۋار ئارزۇ ئاشۇ يۈكنى يۈدۈش داۋامىدا
ئۆزىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ شان- شەرەپ بىرلىكىدە ئەمەل-
گە ئاشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەيلى قايسىلا كەسىپتە نەتىجە
ياراتقان شان- شەرەپكە نائىل كىشىلىرىمىزنىڭ ھەممى-
سى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ھاياتلىق رىقابىتىدە ئۇتۇپ چى-
قىشنى، نامىنى دۇنياغا ئۆز قىممىتى ئارقىلىق نامايان قى-
لىشنى ئويلايدۇ. ئەمما، بۇ شان- شەرەپلەر بەدىلىگە قان-
چىلىك ماددىي بايلىق ۋە تۇرمۇش ھوزۇر- ھالاۋەتلىرى-
گە ئېرىشىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ قازانغان شان- شەرەپ
ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز خەلقىنىڭ شان- شەرىپىگە ئايلىنى-
دۇ. بۇنداق كىشىلەر كۆپەيگەنسېرى، مىللىتىمىزنىڭ
شان- شەرەپلىرىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۆسىدۇ.

ئۇنىسىز ياش تۆكۈش ئىجتىمائىيەت بىلەن چەكسىز
بىرلىشىشنىڭ مېۋىسىدۇر. تۇرمۇشتا بىر نان ئۈچۈن

خارلىنىۋاتقان، بەخت ۋە خۇشاللىقنىڭ ئورنىغا زارلىنىۋاتقان، چىرايىدىن مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان، سىقىلىش ئىچىدە ياشاپ مادارىدىن كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ ئىختىيارسىز ياش تۆكۈش بىلەن بىرچاغدا، ئۇلار ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرىشىمىز كېرەكلىكى ئۈستىدە ئويلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىختىيارسىز ياش تۆكۈش پۈرسىتى بىزگە ھەردەم يار بولسۇن. لياڭ چېچياۋنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «ياش ئويغاق يۈرەكتىن تامچىلايدۇ.»



# «يېشىل چىراغ» ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

«يېشىل چىراغ» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئادەتتە يې-شىل نۇر چاچىدىغان ئېلېكتر لامپىسىنى بىلدۈرمەيدىغان-لىقى ھەممىگە ئايان، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ئىش-ھە-رىكىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاستىرتتىن «قوللاش»تىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنىڭ دەل مۇشۇ ماددىي نەرسىنىڭ ماھىيىتى ئاساسىدا ئۇنىڭ نامىنى ئۆزىگە سۈيئىستېمال قىلىپ قول-لىنىۋالغانلىقىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئىشقى-لىپ، مەۋجۇت شەيئىنىڭ خۇسۇسىيەت-ئالاھىدىلىكى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدە يۇقىرىقىدەك مە-لۇم ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ پايدىلىق ئا-مىللار بىلەن تەمىن ئېتىلىشىگە تەقلىد قىلىپ قوللىنىل-غان. ئەمما، بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز ھەرگىزمۇ بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى تەھلىل قىلىش ئەمەس، بەلكى «يېشىل چىراغ» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئاستىدىكى ئىن-سان ئىش-ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېر-ئالاھىدىلىكى ئۈس-تىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

كىشىلىك دۇنياسىدا ئادەمنىڭ تالاي ئارزۇ-ئار-مان، مەقسەت-مۇددىئالىرى بولىدۇ. ئەمما، بۇنىڭ قاد-

چىلىكى ئەمەلگە ئېشىشىدىن قەتئىينەزەر، ھاياتلىق ئال-مىدىكى ھەربىر ئادەم ئۆز ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى-نى پايدىلىق ئامىللار بىلەن تەمىن ئېتىدىغان «يېشىل چىراغ»قا موھتاج. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ ئىش- ھەرىكى-تى ھامان باشقىلارنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق چەكلىمى-سىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق، سىز مەلۇم تىلنى ئىگى-لىمەكچى، شوپۇر بولماقچى، داڭلىق ئالىم، ئەدىب، شا-ئىر، ناتىق... بولماقچى، ئىشقىلىپ، ئۆزىڭىز قىزىقىدى-غان بىرەر ساھەدە بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشىپ، ھايات-لىق يۇلتۇزىڭىزنى نۇرلاندۇرۇپ، ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئىكەنسىز، جەزمەن پۈتۈن زېھنىڭىز ۋە تى-رىشچانلىقىڭىزنى ئىشقا سېلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئې-سىڭىزدىن چىقارماڭكى، ھېچكىم يەرشارىدا يەككە - يې-گانە ياشىمايدۇ ھەم ياشىيالمايدۇ. «بىر ئادەم ئۆلسە تۆت ئادەم يەرلىكىدە قويىدۇ» دېگەن گەپ بىكار چىققان ئە-مەس. بۇ ئىستىخىيىلىك ياكى ئىستىخىيىسىز، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇنداق. لې-كىن، ھەممىۋا ئادەم «يېشىل چىراغ»نىڭ سايىسىغا ئېرى-شەلمەيدۇ. ئەگەر ھەممىۋا ئادەم ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بول-غىنىدا، دۇنيادا نامۇنىشانسىز بىرمۇ ئادەم قالمايتتى. ئىن-سانىيەت تارىخىغا قارايدىغان بولساق، مەيلى يامان ئىش بىلەن بولسۇن، مەيلى ياخشى ئىش بىلەن بولسۇن، ئۆز ئۇرۇنۇشلىرى ئارقىلىق ھاياتلىق ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزلى-

رىغا ئايلانغان كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدا يېنىپ تۇرغان «يېشىل چىراغ»لارنى كۆرىمىز. بۇ «يېشىل چىراغ» دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، تارىخنىڭ تاللىشى، مەلۇم شەخس ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ قوللىشى بولۇپ، ئۇنىڭ شەراپەتلىك سايىسىدا ئەنە شۇ يېتۈك ھايات ئىگىلىرى بارلىققا كەلگەن.

ئىنسانىيەت دۇنياسىدا، پۈتۈن دۇنيا مىقياسى ياكى مەلۇم دۆلەت، رايون، مىللەت ۋە ئاھالىگە تونۇشلۇق بولغان يېتۈك ئادەملەر بار. بۇلارنىڭ قايسىبىر ئىشتىن بولمىسۇن، شۇنچىۋالا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. مەيلى ئارستوتېل، فىرئەۋن، قەيسەر، سوقرات، برونو، ئىسا، مۇھەممەد پەيغەمبەر، مەيلى ئېينشتېين، ماركس، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەلىشىر نەۋايى، فارابى، ئايتماتوۋ، ستالىن، گىتلېر، مەيلى ناپالېئون، چىڭگىزخان، دارا، كۆلتېگىن... ياخشى ياكى يامان نام ئېلىشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئۆزىگە تايىنىپلا جاھان ئەھلىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ يېتۈك ھايات ئىگىلىرىگە ئايلىنالىشىدا تارىخنىڭ تاللىشى، دەۋرنىڭ تەلىپى، ئالاھىدە ياكى تاسادىپىي پۇرسەت، مەلۇم شەخس ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ قوللىشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىققا قارايدىغان بولساق، بىر ئادەم قانچىلىك يۈكسەك ئىرا-

دە ۋە تىرىشچانلىقىقا ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىقىدەك مۇھىم ئامىللارسىز ھەرقانداق ئارزۇلىرى پەقەت خام خىيالدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

ھايات مەغلۇبىيەت ۋە غەلىبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئەگەر ھايات مۇساپىمىزدە «يېشىل چىراغ»قا ئېرىشەلمىسەك، «يېشىل چىراغ» بولۇش يۇرسىتىمىز بار. بۇمۇ نۆۋىتى كەلگەندە «يېشىل چىراغ»قا ئىگە بولۇشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق. شۇڭا، «يېشىل چىراغ»قا ئېرىشەلمەي مەغلۇپ بولغان چاغلاردا ھەدېگەندىلا قارىغۇلارچە «يېشىل چىراغ» ئىزدەپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك. ھايات مۇساپىسىنىڭ قانچىلىك قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھاياتىمىزنى سۆيىدىكەنمىز، ھەرقانداق ئەھۋالغا دۇچ كەلسەكمۇ ئۈمىدۋارلىقنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقىمىز، ئەبەدىي ئالدىمىزغا قاراپ ياشىشىمىز كېرەك. ئالدىغا قاراش — ئادەم ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىگەندە، ئۆزىدىكى نەرسىگە ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە ئامالنىڭ بارىچە ياردەم قىلىش، ھاياتقا بولغان يۈكسەك قىزىقىش ۋە كۈرەش روھىنى ئىزچىل ساقلاش دېگەنلىكتۇر.

بىز مەلۇم كىشىلەر ئېرىشكەن شان-شەرەپنى كۆرۈپ ئۆزىمىزدىن مەيۈسلەنگەن چېغىمىزدا «يېشىل چىراغ»نى ئەسكە ئالساقلا، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. ئەمەلىيەتتە، ھەممە ئادەم ھايات يولتۇز-

لىرىغا ئايلىنالمايدۇ. ئەمما، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يول-تۈزلارنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز «يېشىل چىراغ»نىڭ رو-لىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا سەۋدا-يىلارچە ئىشىنىشى ياكى بولمىسا ئۇنى ئىنكار قىلىشىنى خالىمايمىز، بەلكى ئۆز ھەرىكىتىنى توغرا يۆنىلىشكە يې-تەكلەپ، ئىجابىي ھايات ئىگىلىرىدىن بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ «يېشىل چىراغ»لىرىنى بايقىشىنى ئۈمىد قىلى-مىز، خالاس.

شۇنداق، بىز «يېشىل چىراغ»قا موھتاج. ئۇنى بىر-بىرىمىزگە سۇنايلى، شۇندىلا ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئېرىشە-لەيمىز.



# بىزگە ئۆ يەردە نېمە بار

جەمئىيىتىمىزدە بىرەر يېڭىلىقنىڭ ئومۇمىي تۇس ئالمىقى ناھايىتى ئاسان. ئەمما، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تو-نۇپ يەتكەندىن كېيىنمۇ تاشلىماق قىيىن. نېمىشقا دې-سىڭىز، يامان ئىشتىن ۋاز كېچىش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئە-مەس. چۈنكى، ئۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىنسان شەخسىيىتى-نى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە. بىر چاغلاردا «ئاق تاماكا» قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللىگە چى-قىپ، ئىقتىسادىي، روھىي ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتىمىزنى ۋەيران قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلۈكىدىن پەسىيىپ قال-دى. ئاق چېكەلىگەنلىكى بىلەن ئۆزىنى كۆز- كۆز قى-لىپ پەخىرلىنىدىغان ئەخمەق بالىپا- ساياقلارنىڭ قۇي-رۇقىنى قۇم بېسىپ، بۇ «ئويۇن»مۇ يىغىشتۇرۇلدى.

يېقىندىن بۇيان، قىزلىرىمىزنىڭ چېچىنى كې-سىش، بوياشقا، شەھەر- بازارلارنىڭ بولسا رېستوران مە-دەنىيىتىگە يۈزلىنىشى ئىقتىسادىي جەھەتتىنلا ئەمەس، مەنىۋىيىتىمىزگىمۇ ئاز بولمىغان يوقىتىشلارنى ئېلىپ كەلدى. بەزىدە كىشلەر ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ پەقەت شەخسىي ئىشى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆزىنى ئىچىگە ئال-غان ئومۇمىي گەۋدە بىلەن بىرلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى

ئەستىن چىقىرىپ قويىدۇ. بۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان جەمئى-يەتتە كېيىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرنى مۆلچەر-لەش ھەقىقەتەن تەس.

چاچ كېسىش ۋە بوياش ئەجدادلاردىن تەۋەررۇك ئوغۇزخاندەك باھادىرلارنىڭ كۆزلىرىدە ھايات زەۋقىنى ئويغاتقان قۇندۇزدەك قاپقارا سۇمبۇل چاچلارنى رەھىم-سىزلەرچە كېسىپ قوتازنىڭ قۇيرۇقىدەك قىلىپ، ئان-دىن كېچىسى چۈشىدە كۆرسىمۇ قورقۇنچتىن قارا تەر بېسىپ ئويغىنىپ كېتىدىغان ئالۋاستىلارنىڭ چېچىدەك قىپقىزىل، ساپسېرىق، ياپيېشىل رەڭلەردە بوياش دېگەن-لىكتۇر.

رېستوران بولسا كۈنىگە 8 — 10 سائەتلەپ ئىشلەپ ئاران-تەسلىكتە تاپقان، بېشىدا مىڭ تاغار ئوت كۆي-دىغان، بالىلارغا بىر-بىر پارچە ئوقۇشلۇق ئېلىپ بېرىشكە ياكى ئۆزىگە بىر-بىر زۆرۈر نەرسىنى سېتىۋېلىشقا قورسى-قى ئاغرىيدىغان ئازغىنە پۇلنى مەردلەرچە خەجلەپ، بەش موچەنلىك تەرخەمەك توغرالمىسىنى بەش يۈەنگە، 10 يۈەنلىك توخۇنى 30 — 40 يۈەنگە يەپ چىقىدىغان، بىر-بىرىگە ئەگىشىپ دوراپ، ئابرۇي قوغلىشىش بى-لەن، يىغلاپ-قاقشاپ تاپقان-تەرگىنىنى تۆكىدى-غان جايدۇر.

نۆۋەتتە، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇ-

غۇچىلىرى ۋە ھەر ساھە كىشىلىرى بەس- بەستە رېستو-
رانغا بېرىشىپ، ئېغىزغا پاتمايدىغان پۇلنى بىكاردىن- بە-
كار ئىسراپ قىلىش، توغرىسى ئۈچ يۈەنلىك تاماق يېسە
تويىدىغان قورساققا شۇنچىۋالا يېمەك- ئىچمەكنى بۇي-
رۇتۇپ چوشقا بورداقچىلىرىنىڭ تۇگىنى توشتۇرۇش
ئومۇمىي ئادەتكە ئايلاندى. رېستوراندا بىھۇدە پۇل خەج-
لەپ ئورۇنسىز يەپ- ئىچىش، چۈشكۈن ناخشىلارغا
غەرق بولۇپ ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى قۇسقۇدەك ئىس-
تېمال قىلىش، ئېغىزدىن چىقىۋاتقان لاۋزا يۇمۇرلار،
ئاڭلىغان قۇلاقمۇ نومۇستىن قىزىرىدىغان گەپ- سۆز،
چاقچاقلار، ئايال خىزمەتداشلار، قىز ساۋاقداشلارغا قى-
لىنىۋاتقان ھاياسىز قىلىقلار... ئارىلاشقان ھالدا پۈتكۈ-
زۈلۈۋاتقان ئېپپەت سودىسى، ئەقىلگە سىغمايدىغان
«توغرا چۈشىنىش»لەر... يوقىلىۋاتقان غۇرۇر، يىمىر-
لىۋاتقان روھ، چۈشكۈنلىشىۋاتقان ئەخلاق... ئاز- تولا
ئەقىل، ۋىجدانى بار كىشىنىڭ قەلبىدە ئاچچىق ئېچى-
نىش تۇيغۇلىرىنى قوزغىماي قالمايدۇ. ئەمما، سەن ۋىج-
دانلىق، «سەركە» ھېسابلايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇ يەر-
لەرگە موكىدەك قاتناپ ھارمايۋاتقىنىنى كۆرگىنىڭدە
ھەممىدىن رايىڭ يانىدۇ!...

قايسى ژۇرنالدىندۇر رېستوران ھەققىدە يېزىلغان
بىر ماقالىنى كۆرگىنىم ئېسىمدە. ماقالىدە كىشىنى چۆ-
چۈتكۈدەك سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق، رېستوراندا

ئىسراپ بولۇۋاتقان ئىقتىسادىمىز توغرىسىدا كىشىنى قا-
يىل قىلارلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭغا
ياندىشتۇرۇپ ئاددىي بىر مىسالنى ئالساق، مەكتىپىمىز-
نىڭ مەلۇم فاكۇلتېتىدىكى بىر ئوقۇغۇچى جىگەر راكىغا
گىرىپتار بولۇپ قېلىپ داۋالىنىشقا كېتىدىغان ئىقتىساد-
نى ھەل قىلىش ناھايىتى قىيىنغا چۈشكەن. شۇنىڭ بى-
لەن ئۇنىڭ سىنىپ مەسئۇلى فاكۇلتېتنىڭ رۇخسىتىنى
ئېلىپ باشقا فاكۇلتېت - سىنىپلارغا مۇراجىئەتنامە چى-
قارغان ئىكەن. مەن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن،
سىنىپتا بىرەر سائەتتەك ۋەز ئېيتىپ، ساۋاقداشلارنى
پۇل ئىئانە قىلىشقا قوزغىغان بولسامۇ، ئىختىيارىي ئاۋاز
قوشىدىغانلار چىقمىدى. ئاخىر «بۇ دېگەن تەشكىلنىڭ
قارارى» دەپ يۈرۈپ، مەجبۇرىي يوسۇندا ھەربىر ئوقۇ-
غۇچىدىن تۆۋەن چەكتە بىر يۈەندىن پۇلنى ئىككى
كۈندىن كېيىن ئاران يىغدىم. ئەمما، ئارىدىن ھەپتە ئۆت-
مەي، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشكە
توغرا كەلگەندە، مۇتلەق كۆپچىلىك ساۋاقداشلار «رېس-
تورانغا بارىمىز» دەپ تۇرۇۋالدى ھەمدە كىشى بېشىغا
15 يۈەندىن پۇل 1 — 2 سائەتكە قالماي تەقلەندى. نەتى-
جىدە 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى رېستوراندا يەپ-ئى-
چىپ تۈگەتتۇق.

تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق يەنە بىر ئىش: يۇقىرىقى
ۋەقە سادىر بولۇشتىن ئىلگىرى، خوتەنلىك بىر ساۋاق-

دىشىمىز ئوقۇش پۇلىنى تۆلەشكە قۇربى يەتمەي مەك-
تەپتىن چېكىنگەن ئىدى... رېستوران كىشىلەرنى ئۆزى-
گە ماگنىتتەك تارتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بارىدىغان
نىيەت بولسىلا باھانە ھامان تېپىلىدۇ. مەسىلەن، قاتار
چايىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، تۇغۇلغان كۈن، ھەرخىل
توي، ئۆزىنىش، قارشى ئېلىش، كېسەل يوقلاش، ھال
سوراش، تونۇشۇش... ۋەھاكازالار.

بىر كۈنى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ
قاتار چېيىغا قاتنىشىپ قالدىم. رېستوراندىكى قىستاڭچى-
لىق، ۋاراڭ- چۇرۇڭ، قۇلاقنى يارغۇدەك يۇقىرى ئاۋاز-
دىكى ناخشا- مۇزىكىلار، تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسى بى-
لەن ئارىلاشقان تەر پۇرىقى، ھاراقنىڭ ئادەمنىڭ ئىچى
ئېلىشقۇدەك بەتبۇي ھىدى، غەيرىي كۈلكە، ئۇسسۇل،
سورۇن ئەھلىنىڭ سۆپەت- سالاپىتىگە ماس كەلمەيدى-
غان ھەرىكەتلەر، يوتا چىمداش، بەل قايرىشلار، ھايا-
سىز بېقىشىشلار، يېرىم- ياتا ھالدا ئىسراپ بولۇپ ياتقان
سەيلەر، تاماقلار... ماڭا ئۆزۈمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى-
نى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە سەلبىي تەسىر بەردىكى، گويا
جەھەننەمنىڭ تەكتىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك سې-
زىپ، نېمىشقا مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئېلىشىپ قالمايدىغانلى-
قىدىن ئەجەبلەندىم. قىز- ئوغۇللار، ئەر- ئاياللار، ھەتتا
بالىلارنىڭ ھەرىكەت پەرقسىزلىكىدىن كۆرە، ئولتۇرۇش-
تىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زىيالىيلار، ئوقۇ-

مۇشۇلۇق كىشىلەر ئىككەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئادەمنى ئىختىيارسىز تىترەك بېسىپ كېتىدۇ. ئادەم تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەرنىڭ ھالى مۇشۇنچىلىك بولسا، ئەۋلادلاردىن يەنە نېمىلەرنى كۈتۈش مۇمكىن؟

كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ بالىلىرىمىز بىلەن سىردىشىپ، ئىنسانىي ھېس- تۇيغۇلارنى سىڭدۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، تاپقان- تەرگىنىمىزنى ئۇلارنىڭ كومپيۇتېر ئۆگىنىشى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈشى ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا كۆزىمىز قىيماي، مېھنەت- ئەجىرلىرىمىزنى ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا تاشلاپ بېرىپ، يەنە دۆتلۈك، بولۇمسىزلىق قىلىپ «يۈزۈمنى چۈشۈردۈڭ» دەپ ئاغرىنىشقا قانداقمۇ تىلىمىز بارىدۇ؟ بىزدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى زادى نەگە كەتتى؟ ئۇلارغا 3 — 4 يۈەنلىك ماتېرىيال ئېلىپ بېرىشكە چىدىمىغاننى ئاز دەپ، ئازغىنە ۋاقتىمىزنى ئاجرىتىپ، مېھىر- مۇھەببىتىمىزنى ئاتا قىلىشقىمۇ ئېرىنىمىز. ھەدېسىلا ئاشۇ «شەيتان سارىيى»غا چاپىمىز، ھەتتا بەزىلىرىمىز ئاشۇ رەسۋاچىلىقلارنى بالىلىرىمىزمۇ كۆرسۇن، ئۆگەنسۇن دېگەندەك، كەينىمىزدىن ئەگەشتۈرۈپ بارىمىز.

بالىلىرىمىز ئەسلىدە بىزنىڭ ئاغزىمىزدىن كىشىنى يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەتلەر ۋە ئىلغار، يىمىرىلمەس روھ بىلەن تەربىيىلەيدىغان چۆچەكلەرنى، ئەسلىمە- رى-

ۋايەتلەرنى، تەربىيىۋىلىكى كۈچلۈك ھېكايەتلەرنى ئاڭ-لىشى كېرەك ئىدىغۇ! بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار ئۆز ئاتا-ئا-نىسىنىڭ سۆيەت-سالاھىيىتىنى ھەرىكەت-پائالىيىتىد-دىن كۆرەلمەيدۇ. ئەۋلادلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى يۈك-سەك ئۆلگىلەر شۇ دەرىجىدە خىرەلىشىۋاتىدۇكى، ئۇلار تۇرلۇك ئەبجەش ۋە خەتەرلىك ئۆلگىلەر ئارىسىدا مىسلى-سىز غېرىبسىنماقتا. ئىلغار ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز بولسا فولكلور موزېيىدىن ئورۇن ئالماقتا. ئەۋلادلار ياتلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە ئويغاق كىشى-لىرىمىز جىددىي ھالدا ھوشىنى تاپمىسا بولمايدىغان يەرگە يەتتى. ھېچقايسىمىز يالغۇز ياشمايمىز ۋە ياشيال-مايمىز. ئەتراپىمىزدىكى ھاياتلىق ئالدىدا مەڭگۈ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ قوۋمنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بولمىغۇر تەرەپلەر بى-لەن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇنتۇماي-لىكى، مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئۆزى بىر-بىرىمىزگە نىسبە-تەن ئۆلگىدۇر. ئەگەر بۇ خىل رولىمىزنى جارى قىلدۇ-رالمايدىكەنمىز، ئۇ ھالدا ئۆزىمىز ۋە بىر-بىرىمىزگە بول-غان ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپ قويۇشىمىز تۇرغانلا گەپ. ئىشەنچىنىڭ يوقىلىشى بىر ئادەمگە، شۇنداقلا بىر مىللەت-كە نىسبەتەن يىمىرىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى، ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجا-يىنلىرى بولمىش بۇنداق ياشلىرىمىزنىڭ ماڭقۇرتلارچە

ئۆز مىللىتىنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىلىرى ۋە ئۆرپ- ئادەت- لىرىنى تەرك ئېتىشى، مىللىي خاسلىقىقا سەل قارىشى، رىقابەت ۋە هايات ئالدىدا ئىشەنچنى يوقىتىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ ياق. يوقىلىشقا سۈكۈت قىلغىلى بولمايدۇ. بىز ياشىشى- مىز كېرەك. ياشايمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم دەۋر ئېقىنلى- رىنىڭ كۆپۈكلىرىگە ئەمەس، شىددەتلىك دولقۇنلىرىغا قىزىقىشىمىز، ئۇنىڭغا ئايلىنىشىمىز كېرەك. هەممەيلەنگە جاراڭلىق ئاۋازدا خىتاب قىلغۇم كېلىدۇ: بىزگە ئۇ يەر- دە نېمە بار؟

ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئەهۋالىمىزنىڭ قانچىلىك كىلد- كى بىر- بىرىمىزگە ناهايىتى ئايان. ئەگەر كېيىنكى مەۋجۇتلۇقىمىزنى ئويلىساق، رېستوران بوسۇغىسىدىن يېنىپ، ئىسراپ قىلماقچى بولغان ئاشۇ ئىقتىسادى، ۋا- قىت، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە روهىيىتىمىزنى بۈگۈ- نىمىزنى يارىتىشقا سەرپ قىلايلى. بۈگۈنىنى قۇرۇشقا پايدىلىق بىلىم- ئىقتىدارنى يېتىلدۈرىدىغان جايلارغا با- رايلى. بۈگۈنكى دەۋردىكى مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئۆزى يۈكسەك دەرىجىدىكى خاسلىقتۇر. بىر مىللەت ۋە ئۇنىڭ- غا تەۋە ئادەمگە نىسبەتەن خاسلىقنىڭ يوقىلىشىمۇ ئوخ- شاشلا يىمىرىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

# بىلىمنى تاللاش ۋە ئىشلىتىش ھەققىدە

«يېرىم ئايلىق سۆھبەت» ژۇرنىلىنىڭ ئۆتكەن يىلىق 10-سانىغا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى لاۋرېنىس سۇمېرسىنىڭ 5-ئاينىڭ 14-كۈنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «بەش چوڭ خىرىس»قا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنلىكى بېسىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە، مېنى بەكرەك قايىل قىلغىنى بىلىمنى ئېھتىيات بىلەن تاللاش ۋە ئۆگەنگەن بىلىمنى «ئىشلىتىش»تىن ئىبارەت پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشىنىڭ ئىنچىكىلىشىشى ۋە چوڭ مۇھىتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىككى خىل ئۇسۇل بولدى.

مېنىڭچە، «بىلىمنى ئېھتىيات بىلەن تاللاش» دېگەنلىك، بىلىمنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئادەتتىن تاشقىرى تېزلىشىۋاتقان دەۋر كىشىلەردىن ئەمەلىي بىلىملەرنى تەلەپ قىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ئۆز قىممىتىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى تاللاپ ئۆگىنىشكە قارىتىلغان. «ئۆگەنگەن بىلىمنى ئىشلىتىش» دېگەندە، ئۆزىمىز ھازىرلىغان بىلىمنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش، بىلىمنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنى

جارى قىلدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كۇنسايىن ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى دەۋردە، ئۆز مەۋ-جۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش غېمى ھەربىرىمىزنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا. كىمنىڭ قانداق «قالقان» تۇتۇۋېلى-شى ياكى قانداق «ئۆڭكۈر»گە يوشۇرۇنۇۋېلىشىدىن ۋە ياكى مەۋجۇتلۇق سالاھىيىتىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى-دىن قەتئىينەزەر، بىلىم-ئىقتىدار كرىزىسى بارلىق كى-شىلەرنى بىر-بىرلەپ سەگىتىپ، ھېچكىم ئۆزىنى قاچۇ-رالمايدىغان رەھىمسىز رىقابەت قويىنىغا سۆرەپ كىرىشكە باشلىدى. مۇشۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان ھەربىرىمىز ئەمدى ئۆزىمىزگە زامانغا لايىق تۇرمۇش پاراۋانلىقى ئىزدەش ۋە ئىززەت-ئابرۇيىمىزنى قوغداش ئۈچۈن كېرەكلىك بىلىم، ئىقتىدار تىكلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ئۆ-گۈنۈش، ئازاب ۋە جىددىيلىك ئىچىدە تونۇپ يېتىۋاتى-مىز. بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىن ئالىدىغىنى بىلەن جەم-ئىيەتكە بېرىدىغىنى ئوڭ تاناسىپ تۇزمىسە، ئاغزىدىن چىققان چىرايلىق گەپلەر بىر تىيىن بولۇپ قالىدۇ. بىز-نىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىمىز، قىممىتىمىز ئاخىر-قى ھېسابتا ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۆزئارا رىقابەت نەزىرىدە بېقى-ۋاتقان كىشىلەرنىڭ سۈپەت ۋە ساپا جەھەتتىكى پەرقى روشەن ئىپادىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەر كىمنىڭ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم ھاياتلىق

ۋەزىيىتى بولۇپ قالدى.

ئادەمنىڭ قىممىتى دېگىنىمىز، ئىگىلىگەن بىلىمى ۋە ئىقتىدارىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش جەريانىدا جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى چەكسىز بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ بولۇش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈستىگە بىلىمنىڭ خاسلىقى، دەۋرىيلىكى، ئۇنىۋېرساللىقى، يېڭىلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدار ئىگىلىرىگە نىسبەتەن ئويلاپ باقمىغان مەسىلىلەرنى پەيدا قىلماقتا. تۇپ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھەربىر ئادەمنىڭ مۇشۇ دەۋرنى ۋە ئۆزىنى چىقىش قىلغان ھالدا، بەيگىدە سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىق، ھەتتا ئۇتۇپ چىقىشنى كۆزدە تۇتۇپ، زۆرۈر بىلىمنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللاش ۋە ئىشلىتىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

بىلىم مەۋھۇم نەرسە. ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئوخشاشمىغان دەۋر ئۆز كىشىلىرىگە ئوخشاش بولمىغان بىلىم، ئىقتىدار تەلىپىنى قويىدۇ، يەنى ھەربىر دەۋرنىڭ ئادەملەرنىڭ بىلىم، ئىقتىدارى ۋە ساپاسىغا قويىدىغان ئۆزىگە خاس ئۆلچىمى بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر دەۋر تەلىپىگە ماسلىشىپ، ئۆزىگە كېرەكلىك بىلىمنى ئىگىلىمىسە، شۇنداقلا ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرالمىسا، ئۇ ھالدا تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيان ۋە پۇشايمانلارغا قالىدۇ.

بۇ گۈنكى دەۋردە، ئىلگىرىكىدەك «شامالغا بېقىپ ئىش قىلىش»قا ئىمكانىيەت يوق. ھەربىر ئادەم مەۋجۇت-لۇق رىقابىتىگە قاتنىشىدۇ. دەۋر ھەربىر ئادەمدىن ئۆزى-نىڭ بىلىم، ئىقتىدارى بىلەن قىممىتىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

نۆۋەتتە جەمئىيەت بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىلىم-بېلىم مۇناسىۋىتى مىسلىسىز دەرىجىدە روشەنلەشتى. ئە-گەر بىز يېتەرلىك رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئەمە-لىيىتىمىز ئارقىلىق جەمئىيەتكە قىممەت يارىتىپ بېرەلى-سەك، ئاندىن جەمئىيەتمۇ بىزگە ئۆز قوينىدىن تېگىش-لىك ئورۇن بېرىدۇ. ئەكسىچە، جەمئىيەت تەلىپىگە ئۇي-غۇنلىشالمىساق، ئەلۋەتتە، شاللىنىپ كېتىشتىن خالىي بولالىشىمىز تەس.

دۇنيا بارغانسېرى كىچىكلەپ، ھەربىر قوۋم ۋە شەخس ئۈچۈن ھاياتلىق ماكانىنى ۋە شان-شەرىپىنى ساقلاپ قېلىش تەسلىشىۋاتقان كەسكىن رىقابەت دەۋ-رىدە قايمۇقۇش، تەقدىرچىلىك قىلىش، پۈرسەتپەرەس-لىك بىلەن بەخت-تەلىيىنى كۈتۈش پەقەت مەھكۇم-لۇقتىنلا دېرەك بېرىدۇ.

بىز تەقدىرىمىزنىڭ زۆرۈر بىلىم ۋە ئۇنى ئىشلىتىش-كە باغلىق ئىكەنلىكىنى تونۇساقلا، باشقىچە ئوي-خى-ياللاردا بولۇشقا ئورۇن قالمايدۇ. ئەگەر بىز ئىگىلىگەن بىلىم ۋە ئىقتىدارنى ئىشلەتمىسەك، ئۆز ئورنىمىزنى

ساقلاش ۋە ياخشىلاشقا مەڭگۈ قادىر بولالمايمىز. شۇڭا، قايسىلا ساھەدە ئىشلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، خىزمەت ئەمەلىيىتىمىز ئېھتىياجلىق بىلىمنى تاللاپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ئورنىمىزنى مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك.

قىسقىسى، دەۋرنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان ئىلغار مەدەنىيەتكە ئىگە بولمىساق ۋە ئەمەلىي ئىشلەپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشمىساق، خەلقىلا ئەمەس، ئۆزىمىزگىمۇ يۈز كېلەلمەيمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئالدىمىزدىكى مۇھىم مەسىلە ئۆز قىممىتىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كېرەكلىك بىلىمنى تاللاپ ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش بولۇپ، ئىسلاھاتنىكى چىقىش يولىمىز مانا شۇ.



# سىرى يوقنىڭ ھېچنېمىسى يوق

«سىر» سۆزىنىڭ ئىستېمالدىكى مەنىسى ئاجىزلىق دېگەندىن ئىبارەت. بۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە باشتىن-ئاخىر ئىپادىلىنىپ كەلگەن. ئەگەر سەن بىرەر سىنىڭ مەخپىيىتىنى بىلىۋالدىڭمۇ، بولدى، يا ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتەلەيسەن ياكى ئۇنىڭ شۇ مەخپىيىتىدىن، توغرىراقى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىپ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالدۇرىسەن... ئىشقىلىپ، باشقىلارنىڭ سىرىنى، ئوبرازلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ماھىيىتىنى بىلىۋېلىش ھەربىر ئادەمدە ئوخشاشمىغان چۈشەنچە ۋە تەسىرلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، بەزى كىشىلەرنىڭ مەخپىيىتى ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپچىلىك شەكلەن ھاياتلىق پائالىيەتلىرى بىلەن ئۆز سىرلىرىغا «قىلىن تون»لارنى كىيدۈرۈپ، ئۆمۈر مۇساپىسىنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. ئۇلار بىر-بىرلىرىنىڭ سىرلىرىغا شۇ دەرىجىدە قىزىقىدۇكى، بەزى كىشىلەر بۇ يولدا پەسكەشلىكلەرنى قىلىدۇ ۋە كېچە-كېچىلەپ ئۇخلىمايدۇ. باشقىلارنىڭ سىرىنى ئىگىلەش غەرىزىدە بولۇشنىڭ ئەخلاقسىز قىلمىش ئىكەنلىكى خىيالىغا كىرىپ

چىقمايدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ سىر- ماھىيىتىنى يو-
شۇرۇپ ياشىشى ئۆز نۆۋىتىدە كىيىم كىيگەنگە ئوخ-
شاش بىر خىل ئورتاقلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئورتاقلىق
ئىنسانىنىڭ كوللېكتىپ ئىرادىسىگە ئىستىخىيىلىك بويسۇ-
نۇش نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان ئۆزىنى يوشۇرۇش
(خۇددى كىرپىگە ئوخشاش) ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئۆزىگە خاس سىرى بولمىغان ئادەم ئاختامىنىڭ
چالمىسىدىن پەرقسىز بولۇپ، ئادەملىكىمىزنى نامايان قى-
لىشنى مۇھىم بىلىدىكەنمىز، يۇندى ئېغىزلارغا تۇتۇرۇق
تاشلاپ بەرمەستىن، ئۆز سىرىمىزنى چىڭ ساقلىشىمىز
كېرەك.

سىر ئادەمنىڭ بايلىقى. ساقلىسىڭىز بىۋاسىتە پايد-
ىسى تەگمىسمۇ، ئەمما ئاشكارىلانسا زىيىنى يېتىدۇ.
سىرى ئاشكارىلانغان ئادەم كېرەكتىن چىققان جابدۇق-
قا، كىيىپ بولغان چاپانغا، ئىسسىقى يوق ئوچاققا، پۇرد-
قى يوق گۈلگە... ئوخشايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئاقىۋەتكە
قېلىشنى خالىمىسىڭىز، سىرىڭىزنى مەھكەم ساقلاڭ.
ھەرقانچە يېقىن ئادىمىڭىز، ھەتتا بىر ياستۇققا باش قوي-
غان جورىڭىز بولسىمۇ، ئۆزىڭىزگىلا تەئەللۇق سىرلىرد-
ڭىزنى ئېيتماڭ. بۇ ئاخىرقى ھېسابتا ھاياتلىق ئورنىڭىز-
نى قوغداشقا پايدىلىق. سىر باشقىلارنى سىزگە مەھلىيا
قىلىدۇ ۋە قەلبىڭىزدىكى پىنھانلىقى بىلەن ھالقىلىق مى-
نۇتلاردىكى ئاجىزلىقىڭىزنى يوققا چىقىرىدۇ. قەلب تۈپ-

رىڭىزغا كۆمۈۋېتىشكە تېگىشلىك سىرلىرىڭىزنى ئىك-
كىلەنمەي كۆمۈۋېتىڭ. بۇ ھەر ھالدا ئۆزىڭىزگە كۆڭۈل-
سىزلىك تېپىۋېلىپ ئاچچىق پۇشايمانغا قالغاندىن ياخ-
شى. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىرى يوقنىڭ ھېچنېمىسى
يوق!



# تەسىر ئىقتىدارىغا ئىگە بول

ئادەملەر بىر - بىرىگە نىسبەتەن ئۆلگىلىك تەسىر قالدۇرالمىغان بىلەن، ئۆسۈملۈك، ھايۋانلار ئادەملەر قەل-بىدە ناھايىتى زور تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلى-رىنىڭ ئاڭسىز ھالدىكى ئادەتلەنگەن ھەرىكىتى بىلەن ئاڭلىق ئادەملەرگە تەسىر بېرەلىسە، ئۇنداقتا، بىز ئادەم-لەردىن قايسى دەرىجىدىكى تەسىرنى كۈتىمىز؟ ئەلۋەت-تە، بىز ئادەملەردىن ھەقىقىي ئادەمگە خاس تەسىرنى كۈتىمىز.

ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە بولغان تەسىرى ئۆزى بە-لەن جەمئىيەت. تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ماس ھالدى-كى يۈكسىلىشنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدۇ، بەلكى جاپالىق مېھنەت قىلىشقا، ئۆز ئىقتىدارى يولىدا بىر ئۆمۈر ئىزدى-نىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئاسماندىكى سان- ساناقسىز يۇلتۇزلار، چەكسىز ئا-لەم بوشلۇقىدا سەيلە قىلىۋاتقان ئالەم كېمىلىرى، سۈن-ئىي ھەمراھلار ئاي ۋە مارسنىڭ ئىنسانلارنىڭ كەلگۈ-سىگە باغلانغان ئاجايىپ- غارايىپ تەسەۋۋۇرىدىكى قىيا-پىتى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئايلان-

ماستىنلا، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى ۋە ئەتراپتىكى مەسىلىلەر ئوتتۇرىدىكى مۇساپىنى چەكسىز يىراقلاشتۇرۇۋەتكەن. قانچىلىك زورۇقۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئالدىمىزغا قارىساق، ھەربىر مەنزىلدىن كېيىن يەنە ناھايىتى نۇرغۇن مەنزىللەرنىڭ بىزنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز، تەسەۋۋۇرىمىزدىكى دۇنيا تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ. بىزمۇ ھاياتقا شۇنچە ئىچەكىشىپ كېتىمىز، ھاياتقا قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى، ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەنىسى ھەققىدە شۇنچە ئىزدىنىشكە، ئىزتىراپ ئىچىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىمىز. بۇنداق تۇيغۇ ھامان بىزنى تاشقى دۇنياغا نىسبەتەن مۇئەييەن تەسىر ئوبيېكتى بولۇشقا قىستايدۇ-دە، ھايات قىممىتىگە سەۋدايىلارچە بېرىلىمىز. ھاياتنىڭ قىممىتى دېگىنىمىز، ئىنسان ئۆز ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدىن ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندا ئىپادىلىنىدىغان تەسىرنىڭ دەرىجىسى بولۇپ، پۈتۈنلەي ئادەمنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئازاد قىلىشى ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشىغا باغلىق بولىدۇ.

ھالبۇكى، رىقابەت دۇنياسىنىڭ تەلىپى بۇنىڭدىن باشقىچە بولمىغان ئىكەن، بىزنىڭ يەنە ئىككىلىنىشىمىزنىڭ، كونا سەنەمگە دەسسىشىمىزنىڭ ئورنى بارمۇ؟ تارىخ ھاڭۋاقتىغا باقمايدۇ. ۋاقىت پۇرسەتنى ئەكېلىپ بەرمەيدۇ، بەلكى ئېلىپ كېتىدۇ. قولدىن كەتكەن نەر-

سىلەرنىڭ قانچىلىكلىكى بىخۇدلۇق ئۇيقۇسىغا قايسى دەرىجىدە پاتقانلىقىمىزغا ئوڭ تاناسىپ كېلىدۇ. چۈنكى، رىقابەتنىڭ ماھىيىتى كىم سەزگۈر، كىم بىلىملىك، كىم ئېھتىياتچان، يەنە كىم كۈچلۈك بولسا، شۇنىڭغا مەۋجۇتلۇق مۇكاپاتىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. مەۋجۇتلۇقۇڭنىڭ بەلگىسى تاشقى دۇنيادىن قانچىلىك تەسىر قوبۇل قىلىشىڭغا ئەمەس، ئۇنىڭغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىشىڭگە باغلىق. ئەگەر داۋاملىق تەسىر قوبۇل قىلىۋەرسەڭ، تەسىر قىلىش ئىقتىدارىڭدىن مەھرۇم بولىسەن، تەسىرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىسەن. مانا بۇ، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق، ئەڭ دەھشەتلىك ئىشتۇر.

كىشىلىك دۇنياسىدا مەزمۇت قەد كېرىپ تۇرۇشنى ئويلىساڭ، مۇئەييەن تەسىر ئىقتىدارىڭنى ھازىرلا؛ ئۆزۈڭگە ۋە ئەتراپىڭدىكى دۇنياغا تەسىر ئىقتىدارىڭنى نامايان قىل. ئۆز مەۋجۇتلۇقۇڭغا نىشان بەر.



本集子选入作者一部分反映当前人民生活、特别是学生生活方面的记实文学作品。

مەسئۇل مۇھەررىرى : تۇردى يامغۇر
مەسئۇل كوررېكتورى : ئارزۇگۇل سىدىق

# ئۈمىد تىنىقلىرى

(ئەدەبىي خاتىرىلەر)

ئاپتورى : ئابدۇرەھىمجان يۈسۈپ ئۈمىد

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تارىبوغۇز يولى 14- قورۇ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى :1092 × 787م م 32 / 1
باسما تاۋىقى :6.5 قىستۇرما ۋارىقى : 1
2003- يىل 4- ئاي 1- نەشرى
2003- يىل 4- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى : 3070 — 1

ISBN7 − 5373 − 1109 − 9/I. 300
باھاسى : 11.00 يۈەن

(باسما- تۈپلەشتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ تېلېفون :0998-2653927)

ھاياتلىق دۇنياسى مۇرەككەپلىك ۋە باش قېتىنچىلىقلار بىلەن تولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈمىد بىلەن ئاتقان ھەربىر تېڭىدا ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق ۋە گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشلىرى قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غەيرەت خالىق

# ئۈمىد شەپەقلىرى

ISBN 7-5373-1109-9

9 787537 311090 >

ISBN 7-5373-1109-9
I.300（民文）定价:11.00元